ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى



# قانيا، چوگون

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى




ISBN 978-7-228-10824-4

定价：4.50元

# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

# قاينا، چۆگۈن

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»
تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۈرۈمچى 2007 -يىلى

图书在版编目(CIP)数据

开吧，神壶：维吾尔文/《维吾尔民间文学大典》编委会编. -乌鲁木齐：新疆人民出版社，2007.1
（维吾尔民间故事）
ISBN 978-7-228-10824-4

Ⅰ.开... Ⅱ.维...Ⅲ.维吾尔族 - 民间故事 - 作品集- 中国 - 维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.I277.3

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2007)第006083号

策　　划：阿布都热合满.艾白
艾合买提.伊明

责任编辑：艾合买提.伊明
责任校对：阿布列孜.阿巴斯
封面设计：买买提.努比提

开吧，神壶（维吾尔文）
（维吾尔民间故事）
《维吾尔民间文学大典》编委会编

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐解放南路348号 邮编： 830001）
新疆新华书店发行
新疆新华印刷厂印刷
880×1230毫米 32开本 2.5印张
2007年1月第1版 2007年1月第1次印刷
印数：1-5000

ISBN 978-7-228-10824-4 定价：4.50元

پىلانلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان ئەبەي
ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابلىز ئابباس
مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت

# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

## قاينا، چۆگۈن

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1230×880 مىللىمېتىر، 1/32
باسما تاۋىقى: 2.5
2007 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2007 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 5000
ISBN 978-7-228-10824-4
باھاسى: 4.50 يۈەن




پىلانلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان ئەبەي، ئەخمەت ئىمىن

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت





## ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر
## 55 كىتابچە نەشردىن چىقتى

| | | |
|---|---|---|
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | چىن تۆمۈر باتۇر | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئىسكەندەر بىلەن خۇرلىقا | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئالتۇن كوكۇلىلىق بالا | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | كەنجى باتۇر | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | كېپىنەك خانىش | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | مەرۋان بىلەن تەرسا | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ياغاچ ئات | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئۇر، توقماق | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | چۆچۈرە بالا | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | سىرلىق چىراغ | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | شاھزادە بىلەن ئالۋاستى | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئۆلمەي تۇرۇپ جەننەتنى كۆرۈش | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | باتۇر قىز | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | شەيتانىنىڭ تىجارىتى | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | بىلمەس تاز | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | تەلۋە كۆيئوغۇل | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | كەمەك ھەيىار بىلەن مۇختەر ھەيىار | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | شەيتاننى ئالدىغان تاز | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئادەمىي شەيتان | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | خىزىر نىياز | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | سېھىرلىك ئالما | (4.50 يۈەن) |

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئۆسكەك پادىشاھ (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى قاينا، چۆگۈن (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئەقىللىق كەنجى قىز (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ھەركىم قىلسا ئۆزىگە (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى يالتايغاق بوۋاي (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئۆجمە سايىسى (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئەپچىلەم (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئارغىماق ماجىراسى (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئىككى باينى ئەپلىگەن مالاي (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئۆرگىلىۋاي بىلەن چۆرگىلىۋاي (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى يەتتە لىڭگىلتاق بىلەن بىر شىڭگىلتاق (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى شىتىلە بىلەن پىتىلە (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى مازاقخور مازاقتا ئۆلەر (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى پادىشاھنىڭ كۈننى ئۆزارتىشى (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئېيشەكنى ئۆرۈپ خوتۇننى قورقۇتۇش (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى موللام ئوغرىنى قانداق تاپتى (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى قازان تۇۋۇي (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى شاھ بىلەن شاتۇتى (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى — 1، 2، 3، 4، 5 (ھەر بىرى 4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چاقچاقلىرى (ھېسام چاقچاقلىرى) — 1، 2 (ھەر بىرى 4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى — 1، 2 (ھەر بىرى 4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق ئويۇنلىرى — 1، 2، 3 (ھەر بىرى 4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق تېپىشماقلىرى — 1، 2 (ھەر بىرى 3.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق لاپلىرى (3.50 يۈەن)

(بۇ بىر يۈرۈش 55 كىتابنىڭ ئومۇمىي باھاسى 244.50 يۈەن)

# مۇندەرىجە


سودىگەرنىڭ ئوغلى ........................ 1

ياماقچى بىلەن پادىشاھ ..................... 24

قاينا، چۆگۈن .............................. 39

نەيرەڭۋاز ................................. 44

ئۈچ شەرت ................................. 69




# سودىگەرنىڭ ئوغلى

قەدىمكى زاماندا بىر سودىگەرنىڭ ئارزۇلۇق بىرلا بالىسى بولۇپ، سودىگەرنىڭ ئايالى بۇ بالىغا ئۆگەي ئىكەن. ئۆگەي ئانا سودىگەرنىڭ ئالدىدا بالىسىنىڭ باش - كۆزلىرىنى مېھرىبانلىق بىلەن سىلايدىكەن، سودىگەر سىرتقا چىقىپ كەتسىلا، سىلاپ - سىيپىغان يەرلىرىگە غەزەپ بىلەن ئۇرىدىكەن. بالا بولسا، ئۆگەي ئانىسىنىڭ قىلمىشلىرىنى دادىسىغا ئېيتالمايدىكەن، پەقەت دادىسى ئۆزىگە تەقدىم قىلغان ئاق قاشقىلىق قارا تايىنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ يىغلايدىكەن.

شۇنداق قىلىپ، كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، تاي چوڭىيىپ ئات بوپتۇ، بالا چوڭ بولۇپ يىگىت بوپتۇ. ئۆگەي ئانا بالا بىلەن ئاتنىڭ شۇنچە ئىجىل ئىكەنلىكىنى بىلىپ دەرغەزەپ بوپتۇ. شۇ ئەتراپتا بىر پالچى موماي بار ئىكەن. ئۆگەي ئانا پالچى موماي بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئاتنى يوقىتىشنىڭ كويىغا چۈشۈپتۇ. سودىگەر ھىندىستان سەپىرىدىن يانارغا يېقىن ئايالى سۈرگە ئىچىپ كېسەل بولۇپ يېتىۋاپ-

تۇ. سودىگەر ئايالىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، پالچى موماينى چاقىرىپتۇ. پالچى موماي پال ئېچىپ:

— خېنىم خاپىغان كېسەللىكە گىرىپتار بولۇش ئالدىدا تۇرۇپتۇ. مۇشۇ ئۆيدە بىر قارا ئات بار ئىكەن، شۇنى ئۆلتۈرۈپ گۆشىنى يەپ، تېرىسىگە چۇشسە، سەللىمازا ساقىيىپ كېتىدۇ، — دەپتۇ.

سودىگەر قارا ئاتنى ئۆلتۈرۈشكە نىيەت قىپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئوغلى دادىسىنىڭ ئالدىغا ئۆزىنى تاشلاپ، ئاتنى ئۆلتۈرمەسلىكنى سوراپ زار - زار يىغلاپتۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئۆگەي ئانا بولسا، ئالەمنى مالەم قىپتۇ. سودىگەر تەڭلىكتە قاپتۇ. سودىگەر بالىسىغا:

— ساڭا دۇلدۇل بولسىمۇ ئېلىپ بېرەي، بالام، بۇ ئاتنى ئۆلتۈرەيلى، — دەپتۇ.

— ھېلىغۇ دۇلدۇلكەن، دادا، — دەپتۇ ئوغلى، — پۈتۈن بىساتىڭىزنى خەت - مۆھۈر قىلىپ بەرسىڭىزمۇ مەن بۇ ئاتتىن كېچەلمەيمەن !

شۇنداق قىلىپ، سودىگەر ئىككى ئوتنىڭ ئارىسىدا قاپتۇ، دەرد - ھەسرەتتىن ئەقىل - ھوشى جايىدا بولماپتۇ. كېچە تەڭ بولۇپ ئەل ئايىغى بېسىققاندا، بالا دادىسىنىڭ ئۆتكۈر قىلىچىنى ئېلىپ، قارا ئاتنى مىنىپ قېچىپتۇ، يۇرت - مەھەللىلەرنى ئارىلاپ، نۇرغۇن يول يۈرۈپتۇ، بىر ئېقىندىن ئۆتۈۋاتقاندا، بىر قاغىنىڭ قىرغاققا چىقىپ قالغان بىر يىلان بالىسىغا خىرىس قىلىۋاتقانلىقىنى

كۆرۈپتۇ ـ دە، دەرھال قاغىنى ئۇركۇتۇۋېتىپتۇ، ئاتتىن چۈشۈپ، ھالسىزلىنىپ قالغان يىلان بالىسىنى ئاستاغىنا سۇغا قويۇپ بېرىپتۇ.

ـــ ھەي ئادەمزات، ـــ دەپتۇ يىلان زۇۋانغا كېلىپ، ـــ سەن مېنى قۇتقۇزۇپ قالدىڭ، نېمە تىلىكىڭ بار، ئېيت! ئەجرىڭنى قايتۇراي!

بالا يىلاننىڭ سۆزلەۋاتقىنىدىن ھەيران بولۇپ:

ـــ ھېچقانداق تىلىكىم يوق، ـــ دەپتۇ.

ـــ ھېچبولمىسا، سەن مېنىڭ ماياقلىرىمدىن بىرنەچچە تال ئېلىۋال، ھاجىتىڭ چۈشۈپ قالسا، كۆيدۈرسەڭ، ئەسقېتىپ قالسام ئەجەب ئەمەس، ـــ دەپتۇ يىلان.

بالا يىلان ماياقلىرىدىن ئېلىپ ئېتىغا مىنىپ ئۆز يولىغا چۈشۈپتۇ، پايانسىز بىر قۇملۇققا چىقىپتۇ، كېتىۋاتسا، ئالدىدا بىرنەرسىنىڭ ۋىچىلدىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ، قارىسا، يوغان بىر ئاغمىخان ياتقۇدەك. بالا دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ يېقىن بېرىپ قارىسا، ئاغمىخاننىڭ پۇتى ئىششىپ كەتكەنىكەن. بالا ئۇ جاراھەتنى ئېغىز ئالدۇرۇپ، ئۇ يەردىكى تىكەننى ئېلىۋېتىپ، تېڭىپ قويۇپتۇ. ئاغمىخان تۇيۇقسىز زۇۋانغا كېلىپ:

ـــ ھەي ئادەمزات، نېمە تىلىكىڭ بار، ئېيت؟! ـــ دەپتۇ. بالا تېخىمۇ ھەيران بولۇپ:

ـــ ھېچقانداق تىلىكىم يوق، تېزرەك ئۆيۈمگە بار، ـــ دەپتۇ.

— ئۇنداقتا سەن مېنىڭ تۇكۇمدىن بىرنەچچە تال ئېلىۋال، ھاجىتىڭ چۈشۈپ قالسا، كۆيدۈرسەڭ، ئەسقېتىپ قالسام ئەجەب ئەمەس، — دەپتۇ ئاغمىخان.

بالا ئاغمىخاننىڭ تۈكىدىن بىرنەچچە تال ئېلىپ يولغا راۋان بوپتۇ، يول يۈرۈپتۇ، يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپتۇ، پايانسىز بىر جاڭگالغا كىرىپ قاپتۇ، كېتىۋاتسا، قانداقتۇر بىر قۇشنىڭ ئېچىنىشلىق «چىر — چىر» قىلغان نالە — زارى ئاڭلىنىپتۇ. بالا ئاۋاز چىققان تەرەپكە بېرىپ قارىسا، ئاسمان — پەلەك بىر توغراقنىڭ تۈۋىدە سۇمۇرغنىڭ بىر بالىسى تۈكى چىقمىغان قاناتلىرىنى سوزۇپ نالە قىلىۋاتقۇدەك، بىر تۈلكە ئۇنىڭغا تۇمشۇقىنى سوزۇۋاتقۇدەك. بالا بىر ۋارقىراپ تۈلكىنى قاچۇرۇۋېتىپتۇ، ئاتتىن چۈشۈپ سۇمۇرغ بالىسىنى قولىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ ئۇۋىدىن چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى بىلىپتۇ – دە، ھېلىقى ئاسمان — پەلەك توغراقنىڭ ئۇستىگە يامىشىپ چىقىپ، مىڭ بىر تەسلىكتە ئۇنى ئۇۋىسىغا سېلىپ قويۇپتۇ. بالا ئەمدىلا توغراقتىن چۈشەي دېگەندە:

— ھەي ئادەمزات، — دەپتۇ سۇمۇرغ بالىسى، — بىزنى قۇتقۇزۇپ قالدىڭ. توختاپ تۇر. ئاتا — ئانىمىز ھازىر كېلىدۇ. سېنىڭ بۇ ياخشىلىقىڭغا بىر ياخشىلىق قىلايلى!

بالا تېخىمۇ ھەيران بولۇپ تۇرۇشىغا، ئالامەت يوغان بىر قۇش ئۇچۇپ كەپتۇ. سۇمۇرغ بالىسى دەرھال:



— ھەي يىگىت، دەرھال ئۇۋۇڭنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇ-نۇپ، دەرەخكە ئېچىڭ چاپلىشۋال، — دەپتۇ.

بالا سۇمۇرغ بالىسىنىڭ دېگىنىنى قىلىشقا ئاران ئۈلگۈرۈپتۇ. قۇش توغراقا قونۇپتۇ. سۇمۇرغ بالىسى:

— ئانا، سەندىن بىر نەرسىنى تىلەيمەن، — دەپتۇ.

— نېمىنى تىلەيسەن؟ — دەپتۇ ئانا قۇش. سۇمۇرغ

بالىسى ئەھۋالنى بايان قىپتۇ.

— ھەي ئادەمزات، — دەپتۇ سۇمۇرغ خۇرسەن بو-لۇپ، — سەن بىزگە ئىنتايىن چوڭ ياخشىلىق قىپسەن، ياخشىلىققا ياخشىلىق قىلىش بىزنىڭ ئېتىقادىمىز. قېنى، ئېيت، نېمە تىلىكىڭ بار؟

بالا بۇ ئالامەت كۆركەم قۇشقا زوقلىنىپ قاراپ تۇرۇپ:

— مېنىڭ تىلىكىم يوق، — دەپتۇ. سۇمۇرغ ھەيران قېلىپ:

— ئۇنداقتا سەن مېنىڭ پېيىمدىن بىرنەچچە تال ئې-لىۋال، ھاجىتىڭ چۈشۈپ قالسا كۆيدۈرسەڭ، ئەسقېتىپ قالارمەن، — دەپتۇ.

بالا سۇمۇرغنىڭ پەيلىرىدىن ئېلىپ دەرەختىن چۈش-مەكچى بوپتۇ. شۇ چاغدا قۇش ئۇنىڭدىن:

— مۇشۇ مېڭىشىڭدا نەگە بارىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. بالا:

— بىشىم قايغان، پۇتۇم تايغان يەرگە، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. قۇش قەتئىي قىلىپ:

— كەينىڭگە ياn. ئالدىڭدا پايانسىز قۇملۇق بار، ئۇ يەرگە ھەتتا ئۇچار قۇشلار كىرىپ قالسىمۇ كاۋاپ بولۇپ كېتىدۇ، — دەپتۇ. ئەمما، بالا: «قېنى كۆرۈپ باقمايمەن-مۇ؟» دەپتۇ - دە، سۇمۇرغ بىلەن خوشلىشىپ، دەرەختىن چۈشۈپ يولىنى داۋام قىپتۇ، بىرنەچچە كۈن مېڭىپ بىر

شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. بالا شەھەرگە كىرىشىگە، بىر توپ جاكارچىلار:

— ئەيىۇھەنناس، ئەشىتىڭلار ئاۋخاس! پادىشاھىمىزنىڭ ئارزۇلۇق يالغۇز قىزىنىڭ كېسىلى بارغانسېرى ئېغىرلاشتى، شۇڭا پادىشاھىمىزنىڭ دەردى پەلەكتىن ئاشتى. كىمدەكىم ئول مەلىكىنىڭ قورسىقىدىكى يىلاننى چۈشۈرۈپ، مەلىكىنى قۇتقۇزۇپ قالسا، پادىشاھ ھەزرەتلىرى، ئول كىشى ئايال بولسا، دۇنيادىن بىنەزەر قىلىدۇ، ئەر بولسا، ئۆزىگە كۈيئوغۇل قىلىۋالىدۇ، — دەۋاتقۇدەك.

بالا جاكارچىلارغا ئەگىشىپ خېلى يۈرۈپتۇ ۋە شەھەر خەلقىدىن مەلىكىنىڭ ئەخلاق ـ دىيانەتتە، گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوقلۇقىنى ئاڭلاپتۇ. ئۇ نېمە بولاركىن، دەپ جاكارچىلارغا كۆن بويى ئەگىشىپ يۈرسىمۇ، ھېچكىم ئوتتۇرىغا چىقالماپتۇ. بالا مەلىكىنىڭ تارتىۋاتقان ئازابلىرىغا، ھاياتىغا قاتتىق ئېچىنىپتۇ، مەلىكىنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قېلىشنى شۇنچە ئارزۇ قىلسىمۇ، بىر ئامال تاپالماپتۇ. بالا قايغۇرغان ھالدا ئېتىنى سۇغارغىلى ئۆستەڭ بويىغا بارغاندا:

— ھەي مېھرىبان يىگىت، — دەپتۇ ئات زۇۋانغا كىرىپ، — سەن ماڭا چەكسىز ياخشىلىق قىلدىڭ، مەن ئۈچۈن كۆپ رىيازەت چەكتىڭ. ھەزرىتى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ نامىغا قەسەم ئىچىمەنكى، سېنىڭ بۇ ياخشىلىقىڭغا ئۆمۈر بويى قەرزدارمەن. ھازىر مەلىكىنى قۇتقۇزۇپ

قىلىشقا ئامال تاپالماي قايغۇرۇۋاتىسەن. ھەي يۇمشاق كۆ-ڭۇل يىگىت، دەرھال يىلان مايىقىدىن بىرنى كۆيدۇرسەڭ، غەم - غۇسسىلىرىڭ شادلىققا ئايلىنىدۇ.

يىگىت ھەم ھەيران بولۇپ، ھەم خۇشال بولۇپ، دەر-ھال يىلان مايىقىدىن بىرنى كۆيدۈرۈپتۇ. شۇئان ئىككى چوڭ يىلان ۋە بىر كىچىك يىلان بالىنىڭ ئالدىدا ھازىر بوپتۇ.

— ھەي مېھرىبان، ئاق كۆڭۈل يىگىت، — دەپتۇ چوڭ يىلانلار، — سەن بىزنىڭ كۆز نۇرىمىزنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قاپسەن. قېنى ئېيت، بىزگە نېمە ھاجىتىڭ چۈشتى؟ بىز قولىمىزدىن كېلىدىغىنىنى قىلىپ، ياخشى-لىقىڭغا جاۋاب قايتۇرايلى.

بالا ئەھۋالنى بايان قىپتۇ.

— مەلىكە كىچىك چېغىدا، ئوردىنىڭ ھەرەم بېغىدى-كى ئېرىقتىن سۇ ئىچكەندە يىلان بالىسىنى بىللە يۇتۇۋەت-كەن. ھازىر شۇ يىلان مەلىكىنىڭ ھاياتىغا قەست قىلىۋاتى-تىدۇ، شۇڭا، — دەپتۇ يىلان بىر يۇمىلاپلا تېرىسىنى تاشلاپ، — سەن قىرىق يىللىق ئۆرۈك ئوتۇنى تېپىپ گۇلخان سال، ئاندىن بۇ تېرەمنى قىرىق يىللىق سىركىگە چىلاپ ئال - دە، يېنىۋاتقان گۇلخانغا تاشلا، ئېسىڭدىن چىقمىسۇنكى، بۇ چاغدا پادىشاھنىڭ مەلىكىسى گۇلخاننىڭ يېنىدا ياتقۇزۇلغان بولسۇن. شۇنداق قىلساڭ، كۆيدۈرۈلگەن تېرەمنىڭ دۇتى مەلىكىنىڭ قورسىقىدىكى يىلانغا تەسىر

قىلىندۇ، شۇ ھامان يىلان سىرتقا چىقىپ، مەلىكە شىپپا تاپىدۇ.

بالا يىلانغا رەھمەت ئېيتىپ، ئوردىغا بېرىپتۇ ۋە ئۇ-زىنىڭ مەلىكىنى داۋالايدىغانلىقىنى بايان قىپتۇ. پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ كۆپ خۇرسەن بوپتۇ. يىگىت مەلىكىنىڭ گۆ-زەللىكىگە ھاڭ - تاڭ بوپتۇ ۋە دەرھال ئىشىغا كىرى-شىپ، يىلاننىڭ ئېيتقىنى بويىچە مەلىكىنى داۋالاپتۇ. يىلان چۈشۈپتۇ، مەلىكە بولسا قۇتقۇزۇۋېلىنىپتۇ. بۇنىڭغا يىگىت ھەم پادىشاھ ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز خۇشال بوپتۇ. پادىشاھ يىگىتتىن:

— ھەي بەختلىك يىگىت، سېنى بۇ ئالەمگە ئاپىرىدە قىلغان ئاتاڭ كىم؟ ئاناڭ كىم؟ — دەپ سوراپتۇ. يىگىت ئەدەپ بىلەن:

— ئەي شەۋكەتلىك پادىشاھ ئالىيلىرى، مەن بۇ ئوردا شەھىرىنىڭ غەرىبىدىكى قەبىلىدىن. ئانام يوق، ئاتام بولسا سەپەردە، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— ۋەدەمدە تۇرىمەن، — دەپتۇ شاھ ئوردا ئەھلىگە قاراپ. شۇ چاغدا ئوڭ قول ۋەزىر:

— ۋەدىگە ۋاپا قىلىش شاھلارنىڭ ئالىيجاناب خىسلى-تى، لېكىن مېنىڭچە، مەلىكىمىزنىڭ سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن ئاندىن توينى ئۆتكۈزسەك، — دەپتۇ. پادىشاھ ئوڭ قول ۋەزىرنىڭ سۆزىنى ماقۇل تېپىپتۇ، شۇنداقتىمۇ ئايرىم جايدا ۋەزىردىن بۇنىڭ سەۋەبىنى ئىند-

چىكىلەپ سورىماي تۇرالماپتۇ. ئوڭ قول ۋەزىر:
— پېقىرنىڭ نەزەردە تۇتقىنى ھەرگىزمۇ ۋەدىگە كې-
يىنچە ۋاپاسىزلىق قىلىش ئەمەس. مەلىكەمنىڭ سالامەتلى-
كىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشمۇ ئەلۋەتتە بىر ساۋاب، لېكىن
پېقىرنىڭ بۇ يەردە يەنە كۆزدە تۇتۇۋاتقىنى — ئۆزلىرىنىڭ
ئوغۇل پەرزەنتى يوق، ياشلىرىمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى.
بۇ يىگىت ياخشى كۈننىڭ يامىنى كېلىپ قالسا، يۇرتقا
باش بولالامدۇ، يوق، بۇ تەرەپىنىمۇ ئويلاپ ئىش قىلغىنىد-
مىز تۈزۈك، — دەپتۇ.
— ئەگەر يىگىت كۆڭلىمىزدىكىدەك چىقماي قالسا،
ۋەدىمىزنى بۇزامدۇق؟ — دەپتۇ پادىشاھ.
— ياق، — دەپتۇ ۋەزىر، — ئۇ ھالدا، بىز ئۇنى
رازى قىلساقلا بولدى. بىز مۇنداق جىددىي ئىشتا يۇرتنى
ئويلىشىمىز كېرەك! قەدىمكىلەر: «بېشى يوقنىڭ ئىشى
يوق» دەيدۇ. ئەگەر يۇرت كۈنلەرنىڭ بىرىدە نائىنساپ ئا-
دەملەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسا، ئۇ چاغدا ئەل يەيدىغان
نېنىنى تاپالماي قالىدۇ، بىزنىڭ مۇبارەك يۇرتىمىزنىڭ نا-
مى ئالەمدىن ئۆچۈپ كېتىدۇ.
پادىشاھ دانىشمەن ۋەزىرىنىڭ سۆزىگە قايىل بوپتۇ. پا-
دىشاھ يىگىتكە ئۇردا شەھىرىدىن ئەڭ گۈزەل، ئەڭ ھەشە-
مەتلىك بىر قورۇنى باغلىرى، خىزمەتكارلىرى بىلەن سوۋ-
غات قىپتۇ ھەمدە نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈشمۇ ئىنئام
قىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، يىگىت مەلىكىنى

كېچە ـ كۈندۈز ئويلاپتۇ، باغرى كاۋاپ بوپتۇ، ئاغزىدىن چىققىنى نەپەس ئەمەس، بەلكى كۆيۈۋاتقان يۈرىكىدىن چىققان ئىس بوپتۇ. مەلىكىمۇ يىگىتنى بىر كۆرۈپ كۆڭلى چۈشۈپ قالغانلىقتىن، كۈن ـ تۈن يىگىتنى ئويلايدىكەن، كۈندۈزى كۈنگە قاراپ ئويلايدىكەن، كېچىلىرى ئايغا قاراپ تەلمۈرۈپ ئويلايدىكەن. شۇنداق قىلىپ، كۈنلەر ئۆتۈشكە باشلاپتۇ، مەلىكىنىڭ سالامەتلىكىمۇ بارا ـ بارا ئەسلىگە كېلىپ، قىزىلى قىزىل، ئېقى ئاق، بويلىرى ئەۋرىشىم، مېڭىشلىرى خىيالچان بوپتۇ....

كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھ ئوردا ئەھلىنى ئېلىپ شىكارغا ئاتلىنىپتۇ، يىگىتنىمۇ بىللە ئېلىپ چىقىپتۇ. ئۇلار شۇ كۈنى كەچتە چەت بىر كىچىك قورغان شەھىرىدە ئارام ئاپتۇ، شۇ يەردە قونۇپ قاپتۇ، كېچىسى پادىشاھ بىر چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە قاپقارا بىر نەرسە «گۈپ» قىلىپ پادىشاھنى بېسىۋاپتۇ، ئارقىدىن يەر يېرىلىپتۇ. ھېلىقى قارا نەرسە ئۇنى كۆز يەتكۈسىز چوڭقۇر يار ئىچىگە ئېتىتىرىۋاتقۇدەك. پادىشاھ قاتتىق قورقۇپ، ۋارقىراپ ئويغىنىپتۇ. پادىشاھ تاڭ سەھەردە ئوردا ئەھلىنى چاقىرىپ، ھېلىقى چۈشىگە تەبىر سوراپتۇ. ھېچكىم زۇۋان سۈرەلمەپتۇ.

ــ ئى نائىنساپ نان قېپىلار! ــ دەپتۇ پادىشاھ، ــ سىلەر بۇ چۈشۈمگە تەبىر بېرەلمىدىڭلار، ئەتىدىن باشلاپ ھەممىڭلارنى ساپانغا قاتقۇزۇپ يەر ئاغدۇرغۇزىمەن!

شاھنىڭ غەزىپىدىن ھەممىنى سۈر بېسىپتۇ، ھېچ-

كىمنىڭ گېلىدىن بىرنەرسە ئۆتمەپتۇ. يىگىت پادىشاھنىڭ كۆرگەن چۈشىنى ئويلاپ، ئېتىنى يوقلىغىلى چىقسا، ئېتى ئوقۇردىكى بوغۇزنىمۇ يېمەي تۇرغۇدەك. يىگىت ئېتىنى مېھرىبانلىق بىلەن سىلاپتۇ.

— ھەي يىگىت، — دەپتۇ ئات يەنە زۇۋانغا كىرىپ، — پادىشاھنىڭ چۈشىگە بېرىلىدىغان تەبىرنى ھېلىقى ئاغمىخاندىن سورا، دانىشمەنلەرنى قۇتقۇزۇۋال.

يىگىت تۈكنى كۆيدۈرگەنىكەن، ئاغمىخان شۇ زامات پەيدا بوپتۇ.

— ھەي مېھرىبان يىگىت! ئېيت، ماڭا قانداق ھاجىتىڭ چۈشتى؟ — دەپ سوراپتۇ ئاغمىخان. يىگىت ئەھۋالنى بايان قىپتۇ. ئاغمىخان:

— ھەي يىگىت، پادىشاھنىڭ چۈشىنىڭ تەبىرى شۇكى، ھېلىقى قاپقارا نەرسە بۇ كېچە ئەلمىساقتىن تارتىپ كۆرۈلۈپ باقمىغان دەھشەتلىك قارا بوراننىڭ بولىدىغانلىقىنىڭ بېشارىتىدۇر. يەرنىڭ يېرىلىشى بولسا، ئەگەر ھازىرنىڭ ئۆزىدە شەھەردە تۇرۇۋاتقان كىشىلەر دەرھال بۇ يەردىن كەتمىسە، قۇم ئاستىدا قالىدۇ، دېگەننىڭ ئالامىتىدۇر، — دەپتۇ.

يىگىت ئاغمىخانغا رەھمەت ئېيتىپ، پادىشاھ ھۇزۇرىغا كىرىپ چۈشىگە تەبىر بەرمەكچى ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىپتۇ. پادىشاھ دەرھال قوبۇل قىپتۇ. پادىشاھ يىگىت بەرگەن تەبىرلەرگە بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي قاپتۇ، لېكىن

شۇنداقتىمۇ پۇتۇن شەھەردىكى كىشىلەرگە دەرھال كۆ-
چۈشكە پەرمان بېرىپتۇ. راست دېگەندەك، كېچە قاتتىق،
مىسلى كۆرۈلمىگەن دەھشەتلىك بوران چىقىپتۇ. ئەتىسى
بوران پەسەيگەندە، ئەۋەتكەن ئادەملەر، شەھەرنىڭ ئورنىدا
ئىنتايىن زور، ئاسمان ـ پەلەك قوم دۆۋىلىرىنىڭ قەد
كۆتۈرگەنلىكىنى، ئەتراپىدا نە دەرەخ، نە ئۆستەڭ، نە ئۆي-
دىن قىلچە ئەسەر قالمىغانلىقىنى خەۋەر قىلىپ كەپتۇ.

پادىشاھ چەكسىز ھەيران قېلىپ ھەم خۇشال بولۇپ،
دەرھال ئوردا ئەھلىنى چاقىرتىپتۇ، يىگىتنىڭ دانىشمەنـ-
لىكىنى ماختاپتۇ، ئۆز قولى بىلەن ئالتۇن بىلەن بېزەلگەن
ھەشەمەتلىك تون يېپىپتۇ ھەمدە ئون مىڭ تىللا ئىنئام
قىپتۇ. ئوردا ئەھلىمۇ يىگىتكە چىن يۈرىكىدىن ئاپىرىن
ئوقۇپتۇ. مەلىكە يىگىتكە بىر ئالتۇن كەمەر سوۋغات قى-
لىپ ئەۋەتىپتۇ. يىگىتنىڭ ئىناۋىتى تېخىمۇ ئېشىپتۇ.

بۇ ۋەقە بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، بۇ يۇرتنىڭ بېشىغا يە-
نە بىر پالاكەت چۈشۈپتۇ: ئوردا شەھىرىنىڭ يېنىدىن ئې-
قىپ ئۆتىدىغان دەريانىڭ سۈيى تۇيۇقسىز تارتىلىپ كې-
تىپتۇ، دالا ئوت ـ چۆپسىز، دەرەخلەر يوپۇرماقسىز،
قۇشلار دانسىز، كىشىلەر نانسىز قېلىشقا باشلاپتۇ، قىلـ-
مىغان ئامال قالماپتۇ، لېكىن دەھشەتلىك قۇرغاقچىلىق
تۈگىمەپتۇ. پادىشاھ توپ ـ توپ يىگىتلەرنى دەريانىڭ بې-
شىغا ئەۋەتىپتۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى قايتماپتۇ.
قۇرغاقچىلىق ئەل ـ يۇرتنىڭ يىلىكىنى قۇرۇتۇشقا باشلاپ-

تۇ. يىگىت بىر كۈنى يۇرت قايغۇسىدا خىيال سۈرۈپ ئېتىنىڭ يېنىغا كىرگەندە، ئات:

— بىز دەريا بېشىغا بېرىپ قاراپ باقايلى، — دەپتۇ.

يىگىت شاھتىن ئىجازەت سوراپ، ئېتىنى مىنىپ دەريا بويلاپ مېڭىپتۇ. دەريانىڭ بېشىغا يېقىنلاشقانسېرى جاپا-مۇشەققەتمۇ شۇنچە كۆپ بوپتۇ. يىگىت بېرىپ قارىسا، سۇ يولىنى يوغان بىر ئەجدىھا توسۇپ يېتىپتۇ. يىگىت ئېتى-نى قويۇپ بېرىپ، قىلىچىنى يالىڭاچلاپ بىر نەرە تارتقا-نىكەن، ئەجدىھا ئويغىنىپ:

— ھەي ئادەمزات! ماڭا ئەلچى بولۇپ كەلدىڭمۇ؟ — دەپتۇ. يىگىت:

— مەن سەن ئۈچۈن نېمىگە ئەلچى بولىمەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— سەن، — دەپتۇ ئەجدىھا، — پادىشاھىڭغا بېرىپ



ئىيت، ھەر يىلى دەل مۇشۇ چاغدا ماڭا ئوتتۇز تۆگە، ئوت-تۇز قوتاز، ئوتتۇز ئات، ئوتتۇز كالا، ئوتتۇز قوي، ئوتتۇز ئۆچكە، ئوتتۇز قىز ئەكىلىپ بەرسۇن. ئەگەر بۇنىمىغا كۆنمىسە، گۈزەل يۇرتۇڭنى چۆل - جەزىرىگە ئايلاندۇرۇۋې-تىمەن !

يىگىت قاتتىق غەزەپكە كەپتۇ.

— ھەي ئەجدىھا ! مۇبادا مەن سېنىڭ دېگەنلىرىڭنى توغرا تېپىپ پادىشاھقا يەتكۈزسەم، يۇرتۇمنىڭ دەريالىرى ماڭا سۈيىنى ئىچكۈزمەيدۇ، مېۋىلىرى ئۆزىنى يېگۈزمەيدۇ، قۇشلىرى ماڭا سايراپ بەرمەيدۇ، تۇپراقلىرى ئۆلگىنىمدە ماڭا قوينىنى ئاچمايدۇ، ئەۋلادلىرىم تاكى زامان ئاخىر بولغۇچە ماڭا لەنەت ئوقۇيدۇ ! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ يىگىت.

— مانا ئەمىسە، كۆر ! — دەپتۇ ئەجدىھا قاتتىق غە-زەپكە كېلىپ ۋە يىگىتنى دەم تارتىپتۇ. يىگىت ئۆتكۈر ئىككى شەمشەرنى توغرا تۇتقان پېتىچە ئەجدىھانىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ. بىرھازادىن كېيىن يىگىت ئەجدىھانىڭ قۇيرۇق تەرىپىدىن چىقىپتۇ، ئەجدىھا ئىككى پارچە بولۇپ كېتىپتۇ. يىگىت ئەجدىھانىڭ بېشىنى كېسىپ، ئېتىغا مىنىپ سۇ بىلەن تەڭ ئوردا شەھىرىگە كىرىپ كەپتۇ.... ئەجدىھانىڭ بېشىنى ھەشەمەتلىك ئالتۇن تەختتە ئولتۇرغان شاھنىڭ ئاياغ تەرىپىگە ئىززەت - ئىكرام بىلەن قويۇپتۇ. شاھ تەسىرلىنىپ كۆزىگە ياش ئاپتۇ، يىگىتنىڭ پېشانى-

سىگە ئاتىلىق مېھرى بىلەن سۆيۈپ قويۇپتۇ ھەمدە يىگىت-نى ئۆزىگە سول قول ۋەزىر قىلغانلىقىنى جاكارلاپتۇ.

ئۇردا ئەھلىدىن تاكى ئاددىي پۇقراغىچە يىگىتنى قىزغىن تەبرىكلەپتۇ. پادىشاھ داغدۇغىلىق زىياپەتتىن كېيىن، ئوڭ قول ۋەزىرىگە:

— ئەمدى توينى قىلىۋەتسەك، قانداق؟ — دەپتۇ. ئوڭ قول ۋەزىر:

— ئى پادىشاھىم، ئالدى بىلەن يىگىتنى چاقىرساق، سورايدىغان بىر گېپىم چىقىپ قالدى، شۇنى سورىۋېلىپ، ئاندىن گېپىڭىزگە جاۋاب قىلسام، — دەپتۇ. شاھ يىگىت-نى چاقىرىپتۇ. يىگىت ئىززەت - ئىكرام بىلەن قول قوشتۇرۇپ تۇرۇپتۇ. شۇ چاغدا ۋەزىر:

— ھەي يىگىت، سەن ئەجدىھانىڭ ئىچىدە ئۆلۈپ قې-لىشتىن قورقمىدىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن كىچىك چېغىمدا: «يۇرت قوغدىمىغان ئۆلەر» دېگەن گەپنى ئاڭلىغانىدىم، ئۆتكەندە ئۆزلىرىنىڭ: «يۇرتى يوقنىڭ جېنى يوق» دېگەن سۆزلىرىنىمۇ ئاڭلاپ قالدىم. شۇڭا، ئەل - يۇرتنىڭ خىزمىتىنى قىلىش يولىدا ئۆلۈم-دىن قورقۇش كەمىنىلىرىگە يات! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ يىگىت.

— يارايسەن، ئوغلۇم! — دەپتۇ ۋەزىر يىگىتنىڭ سۆزىدىن ھاياجانلىنىپ. يىگىتكە ئىجازەت بېرىلگەندىن كېيىن، ئوڭ قول ۋەزىر:

— ئى ئۇلۇغ شاھىم، بىزنىڭ مۇبارەك يۇرتىمىز يەنە بىر ئۆچمەس چىراغقا ئىگە بولدى. تويىنى ئەمدى قىلايلى، — دەپتۇ.

توينىڭ تەييارلىقى جىددىي باشلىنىپ كېتىپتۇ. يىگىتكە يېپىيېڭى، ھەيۋەتلىك ساراي سېلىنىشقا باشلاپتۇ. دەل مۇشۇ كۈنلەردە شەھەرگە يېغىلىق كەپتۇ، ئوردىدا غۇلغۇلا پەيدا بوپتۇ. مەنسەپتىن قالدۇرۇلغان سابىق سول قول ۋەزىر تەرەپتىكىلەر سولھى قىلىشنى تەلەپ قىپتۇ، ئوڭ قول ۋەزىر تەرەپتىكىلەر دۈشمەنگە قەتئىي قارشى تۇرۇشنى تەكىتلەپتۇ. پادىشاھنىڭ بولسا، بېشى قېتىپتۇ.

يىگىت يوشۇرۇنچە شەھەر سىرتىغا چىقىپ سۇمۇرغنىڭ پەيلىرىنى كۆيدۈرگەنىكەن، قۇش دەرھال يېتىپ كېلىپ:

— ھەي مېھرىبان يىگىت! قېنى ئېيت، بېشىڭغا قانداق كۈن چۈشتى؟ — دەپتۇ. يىگىت ئەھۋالنى بايان قىپتۇ ۋە دۈشمەننىڭ لەشكىرىي كۈچىنى كۆرۈپ كېلىش نىيىتى بارلىقىنى ئېيتىپتۇ. سۇمۇرغ:

— قېنى، ئۈستۈمگە مىن، — دەپتۇ. يىگىت سۇمۇرغنىڭ ئۈستىگە مىنىپ غەرب تەرەپكە ئۇچۇپتۇ. كەنتلەردىن، دەريا - ئېقىنلاردىن، شەھەرلەردىن ئۆتۈپ پايانسىز چۆلگە چىقىپتۇ. سۇمۇرغ:

— ھەي يىگىت، دۈشمەنلەر مۇشۇ چۆلنىڭ ئىچىدە. ئەمدى پەسرەك ئۇچىمەن، سەگەك بول! — دەپتۇ. يىگىت قارىسا، دۈشمەن لەشكەرلىرى پۈتۈن چۆلنى چۇمۇلىدەك

قاپلىغانىكەن، بارگاھلار سانجاق ـ سانجاق تۇرغۇدەك. يىـ
گىت دۈشمەن لەشكەرلىرىنىڭ، بىرىنچىدىن، سانى كۆپلۈ-
كىنى، ئىككىنچىدىن، ئاتلىق قىسىملىرىنىڭ خىللىقىنى،
ئۈچىنچىدىن، ئوقيالىرىنىڭ ئالامەت يوغان، ئوقلىرىنىڭ
ئۇزۇنغا بارىدىغان ئوقلار ئىكەنلىكىنى بايقاپتۇ. يىگىت
قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشىنى،
دۈشمەن ئەھۋالىنى پادىشاھقا ۋە ئوردا ئەھلىگە بايان قىپ-
تۇ. تالاش ـ تارتىشلار بوپتۇ. سولھى تەرەپدارلىرى:
— بۇنداق دۈشمەننى قىلىچ بىلەن ئەمەس، بەلكى
سوۋغات ھەم ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن كۈتۈۋېلىپ، بىشىد-
مىزنى تۆۋەن سالغىنىمىز تۈزۈك، — دېيىشىپتۇ.
— بولمايدۇ! — دەپتۇ يىگىت قەتئىي قىلىپ، —
بۇ دۈشمەنلەر بىزنىڭ سوۋغات، ئىززەت ـ ئىكراملىرىد-
مىزغا قانائەت قىلمايدۇ، بەلكى ئۇلار يۇرتىمىزنى تارتىۋې-
لىپ، بىزنى قول قىلىشنى مەقسەت قىلغان. شۇڭا دۈشمەن
ئۈستىگە ئاتلانماق كېرەك.
پادىشاھ يىگىتكە لەشكەر تارتىشقا پەرمان بېرىپتۇ.
يىگىت ئاتلىنىپتۇ ۋە دۈشمەن بارگاھىنىڭ ئۇدۇلىغا بار-
گاھ تىكىپتۇ. ئەل ئايىغى بېسىققاندا يىگىت ئاغمىخانىنىڭ
تۈكلىرىنى كۆيدۈرگەنىكەن، ئاغمىخان دەرھال پەيدا بوپتۇ.
— ھەي يىگىت، — دەپتۇ ئاغمىخان، — بىزگە يەنە
قانداق ھاجىتىڭ چۈشتى؟
يىگىت ئەھۋالنى بايان قىپتۇ. ئاغمىخان:

ــ بىز ھازىردىن باشلاپ دۈشمەنلەرنىڭ چېشلەپ، غاجاپ ئۆزۈۋەتكىلى بولىدىغان نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسىنى كاردىن چىقىرىمىز. بىزمۇ سېنىڭ يۇرتۇڭدىكى ئاغمىد-خانلارمىز، سېنىڭ دۈشمىنىڭ بىزنىڭمۇ دۈشمىنىمىز، سېنىڭ قايغۇڭ بىزنىڭمۇ قايغۇمىز. مەن سېنىڭ ئىشىڭغا ئاز بولسىمۇ، ياردەم بېرىمەن. سەن ئەتە تاڭ سۈزۈلۈشى بىلەنلا غالىبىيەت بايرىقىڭنى كۆتۈر، ــ دەپتۇ ـ دە، كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

يىگىت لەشكەرلىرىنى پۇختىلىق بىلەن جەڭگە تەيىيارلاپتۇ. تاڭ سۈزۈلۈشى بىلەن يىگىت لەشكەرلىرى بىلەن دۈشمەن ئۈستىگە ئېتىلىپتۇ. دۈشمەن لەشكەرلىرى ئاتلىرىنىڭ تاسما بەلۋاغلىرى، ئوقيالىرىنىڭ كىرىچلىرى تامام غاجىلىنىپ ئۈزۈلۈپ تۈگىشىپ كەتكەنلىكىدىن جەڭگە



دەرھال تەييارلىنالماي، پاتىپاراق بولۇپ كېتىپتۇ. يىگىت لەشكەرلىرى بىلەن دۈشمەن ئۈستىگە بوراندەك يېتىپ بېرىپ، دۈشمەنلەرنى تىرىپىرەن قىلىۋېتىپتۇ. پۈتۈن چۆل دۈشمەن ئۆلۈكلىرى بىلەن توشۇپ كېتىپتۇ. كۈن ئولتۇرۇشقا باشلىغاندا، يىگىت ئۇرۇش مەيدانىنى يىغىشتۇرۇشقا پەرمان بېرىپتۇ. ھەددى ـ ھېسابسىز مال ـ دۇنيا، قورال ـ ياراغ، ئېسىل ئاتلارنى غەنىيمەت ئالغاندىن باشقا، يەنە نۇرغۇنلىغان ئەسىرلەرنىمۇ قولغا چۈشۈرۈپتۇ. ئەسىرلەرنى ھەيدەپ كەلگەن ئەزىمەتلەردىن بىرى ئەسىرلەرنى قاتار تۇرغۇزۇپ قويۇپ:

ــ ئەي باسقۇنچىلار ! غالىب قوشۇنىمىزنىڭ سەركەردىسىگە باش ئېگىش ! ــ دەپتۇ. يىگىت قارىغۇدەك بولسا، بۇ ئەزىمەت دەل يىگىتنىڭ بولغۇسى خوتۇنى ــ شاھنىڭ ئارزۇلۇق مەلىكىسى ئىكەن.

ــ سىز قاچاندىن تارتىپ بىز بىلەن بىللە؟ ــ دەپ سوراپتۇ يىگىت.

ــ تۈنۈگۈن كەچتىن تارتىپ، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ مەلىكە.

ــ ئاتىڭىز رۇخسەت قىلدىمۇ؟ ــ دەپتۇ يىگىت.

ــ يۇرت قوغداشقا رۇخسەت ئېلىشنىڭ ھاجىتى يوق، ــ دەپتۇ مەلىكە. يىگىت مەلىكىنىڭ جاۋابىدىن بەكمۇ سۆيۈنۈپتۇ ھەمدە لەشكەرلەرنى ئېلىپ ئوردا شەھىرىگە راۋان بوپتۇ.

پادىشاھ ۋە ئوردا شەھىرىدىكى كىشىلەر يىگىتنى مىسلى كۆرۈلمىگەن تەنتەنە بىلەن قارشى ئاپتۇ، راۋاق ئالدىغا بارغاندا پادىشاھ ئىشارەت قىپتۇ، پۈتۈن ئوردا ئەھلى ھەم كىشىلەر يىگىتنىڭ ئالدىدا يۇرتنىڭ مۇبارەك تو- پىسىنى سۆيۈپتۇ.

يىگىت دۈشمەننىڭ بايراقلىرىنى راۋاق تېگىگە تاشلاپ- تۇ. شاھ دۈشمەننىڭ بايراقلىرىنى دەسسەپ يىگىتنىڭ ئال- دىغا كەپتۇ، يىگىتنى قىزى بىلەن بىرلىكتە راۋاق ئۈس- تىگە ئاچىقىپ، ئۆزىنىڭ پادىشاھلىقىنى يىگىتكە ئۆتۈنۈپ بەرگەنلىكىنى تەنتەنىلىك جاكارلاپ، شۇ مەيداندىلا مۇرا- سىم ئۆتكۈزۈلۈپتۇ.

يىگىت پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، چاچ - ساقاللىرى ئاقىرىشقا باشلىغان بىر سودىگەر كىرىپ:

— داد، ئەي شەۋكەتلىك شاھ! — دەپ تىز پۈكۈپتۇ.

يىگىت قارىغۇدەك بولسا، ئۆزىنىڭ ئەزىز دادىسى ئىكەن، ئەمما يىگىت تونۇشلۇق بەرمەي تۇرۇپ:

— قېنى، سودىگەر، دەردىڭىزنى بايان قىلىڭ! — دەپتۇ.

— مەن سادىق پۇقرالىرى بولىمەن. مەن باشقا ئەللەرگە مال ئېلىپ چىقىپ كەتكەندىم، — دەپتۇ سودىگەر، — بىر تەرەپتىن سودا - سېتىق قىلىپ، بىر تەرەپتىن ئوغ- لۇمنى ئىزدىدىم. بۇ جەرياندا بىرقانچە يىل يۇرتقا قايتال-

مىدىم. ئايالىم بىر يىل بۇرۇن مېنى ئۆلدىگە چىقىرىپ، ماتەم تۇتۇپ، باشقا ئەرگە تېگىۋاپتۇ. مېنىڭ سارايلىرىم، ئۆمۈر بويى يىغقان مال ـ دۇنيالىرىمغا بىر نائىنساپ ئىگە بولۇۋاپتۇ.

ـــ تەلىپىڭىز نېمە؟ ـــ دەپ سوراپتۇ يىگىت دادىسىدىنىڭ غەزەپتىن گەپ قىلالماي قالغانلىقىنى كۆرۈپ.

ـــ ئاجىز قۇللىرىنىڭ تەلىپى، ـــ دەپتۇ سودىگەر، ـــ مېنىڭ بىردىنبىر كۆز نۇرۇم ئوغلۇم شۇ جادۇگەر خوتۇنىنىڭ كاساپىتىدىن ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنىدى، مەن ئۇنى ئىزدەپ بارمىغان يېرىم قالمىدى. شۇ ئوغلۇمنىڭ ئىزدېرىكىنى بىر ئۇقۇش مۇمكىن بولسا ھەممە مال ـ مۇلۇكلىرىم قولۇمغا ئېلىپ بېرىلسىكەن.

ـــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم، دادا! ـــ دەپتۇ يىگىت تەختتىن چۈشۈپ، ـــ مەن سىزنىڭ ئوغلىڭىزمەن!

سودىگەر ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قاپتۇ. يىگىت دادىسىنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، شاھانە تەخت ئۈستىگە ئاچىقىپتۇ. سودىگەر بولسا، شادلىق ياشلىرى بىلەن ساقاللىرىنى يۇيۇپتۇ. يىگىت ئۆگەي ئانىسىنى ۋە ئۇنىڭ تېگىۋالغان ئېرىنىمۇ قوشۇپ ئوردىغا ئەكەلدۈرۈپتۇ ۋە دادىسىغا:

ـــ قېنى، دادا، بۇنىڭغا ئۆزىڭىز بىر نېمە دەڭ! ـــ دەپتۇ. دادىسى:

ـــ ئى ئوغلۇم، مەن گەرچە داداڭ بولساممۇ، سەن بىر شاھسەن، يۇرتنىڭ ئاتىسىسەن. مېنى بۇنچىلىك ئىز-

زەت قىلغىنىڭغا خۇدا رەھمەت قىلسۇن! بۇلارغا يۇرت قانۇنى بويىچە ھۆكۈم قىلغايسەن! — دەپتۇ. يىگىت:

— بۇ ئىككىسى سارايلارنى، ئالتۇنلارنى، رەھمەتلىك ئانام ۋە بوۋامنىڭ خاتىرە بۇيۇم - يادىكارلىقلىرىنى قايتۇرسۇن، قالغانلىرى ئۆزىدە قالسۇن. ئۇلارغا ھېچكىم دەخلى - تەرۇز يەتكۈزمىسۇن! — دەپ ئەمر قىپتۇ. يىگىتنىڭ بۇ ئادىل ھۆكمىگە ھەممە قايىل بوپتۇ. ئارقىدىنلا مەلىكە بىلەن يىگىتنىڭ تويى باشلىنىپتۇ. قىرىق كېچە - كۈندۈزگىچە شۇنداق توي بوپتۇكى، ئەلمىساقتىن تارتىپ ئۇنداق توي بولۇپ باقمىغانىكەن. يىگىت يۇرتنى ئادىل سوراپتۇ، خەلق مۇراد - مەقسەتلىرىگە يېتىپتۇ.

# ياماقچى بىلەن پادشاھ

بۇرۇن ئەمەس، بۇگۇن، ھە راست، تۈنۈگۈن، مەن بوۋامدەك چاغدا، بوۋام مەندەك چاغدا، يىراق بىر يەردە، مۇشۇ شەھەردە سەكسەندىن ئاشقان، توقسانغا ياندىشقان، بېلى ئېگىلگەن، پۇتىسى چىگىلگەن تۇرسۇن ئىسىملىك ياماقچى بولغانىكەن. بۇ ياماقچى خەلقنىڭ يىرتىلغان مەسە، كالاچ، ئۆتۈك، پوپۇچلىرىنى ياماپ جان باقىدىكەن، ھەر كۈنى ئۈچ داچەن تاپىدىكەن. بىر داچەنگە نان، بىر داچەنگە چىراغ يېغى، بىر داچەنگە ھاراق ئېلىپ، ھەر كېچىسى ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى ئۆزى خۇش قىلىپ ياشايدىكەن.

شۇ شەھەرنىڭ بىر پادىشاھى، مېنىڭ ئۇستۇمدىن كىم غەيۋەت قىلىدىكىن، دەپ گۇمانلىنىپ، ھەر كۈنى كەچتە دىۋانە قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، كوچا ـ كوچىلاردا يۈرۈپ، ئىشىك ـ تۈڭلۈكتىن مارايدىكەن.

بىر كۈنى كېچىسى پادىشاھ ئادىتى بويىچە كوچىلارنى ئارىلاپ يۈرگىنىدە، تۇرسۇن ياماقچىنىڭ پەنجىرىسىدىن چىراغ يورۇقىنى كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە، ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن

دىن ماراپتۇ. ياماقچى ئويۇقتىن ياڭاق شاكىلىنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا قارا ھېجىردىكى ھاراقتىن قۇيۇپ، ئۆزى بىلەن ئۆزى گەپلىشىپ، تۆت ـ بەش قېتىم ئىچىپتۇ، ئاندىن كېيىن قوزۇقتىن تەمبۇرنى ئېلىپ:

دەردى يوق موزدۇز دېمە،
دەردىم ئىچىمدە بىر تۇلۇم.
پادىشاھنىڭ شەھىرىدە
نەگە بارساڭ بار زۇلۇم.

دەپ ناخشا ئېيتىپتۇ.

ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن قاراپ تۇرغان پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ دەرغەزەپ بوپتۇ، شۇنداقتىمۇ غەزىپىنى بېسىپ، زادى بۇ قانداق ئادەمدۇ، بۇنىڭ بىلەن بىر گەپلىشىپ باقاي، دەپ ياماقچىنىڭ ئىشىكىنى قېقىپتۇ. ياماقچى:

— كىمسەن؟ — دەپ، ئىشىكنى ئېچىپ تالاغا چىقىپتۇ. دىۋانە قىياپەتلىك پادىشاھ:

— مەن بىر مۇساپىر دىۋانە. خۇدانىڭ ھەققىدە بۈگۈن بىر كېچە ئۆيىڭىزدە قونۇپ كەتسەم، — دەپتۇ. ياماقچى:

— قوندۇرسام قوندۇراي، ئەمما مېنىڭ قىلغان ئىشىمغا زادى ئارىلاشمايسەن، «بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟» دەپ سورىمايسەن، گەپ قىلماستىن شۈك ئولتۇرىسەن ياكى ئۇيقۇڭنى ئۇخلايسەن، مۇشۇ شەرتكە كۆنسەڭ قونغىن، —

دەپتۇ.

«دىۋانە» ماقۇل بولۇپ، ئۆيگە كىرىپ بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرۇپتۇ.

ياماقچى بىر «ئۇھ» تارتىپ، قارا ھېجىردىن ياڭاق شاكىلىغا ھاراقنى قۇيۇپ ئىچكىلى تۇرۇپتۇ. ھاراقنى ئىچىپ بولۇپ، تەمبۇرنى ئېلىپ، مۇڭلۇق ئاھاڭغا چې-لىپ، مۇنۇ قوشاقنى توقۇپ، غەزەل قىلىپ ئوقۇپ، يىغلاپ كېتىپتۇ:

بۇ زاماندا پادىشاھنىڭ
ئالۋىنى ئېغىر بولدى.
قات ـ قات تېگىپ قامچىلار
دۈمبىلەر يېغىر بولدى.

ئاھ ئۇرارمەن، ئاھ ئۇرارمەن،
ئاھلىرىم تۇتقاي سېنى.
كۆز يېشىم دەريا بولۇپ،
بېلىقلىرىم يۇتقاي سېنى.

بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ چىدىيالماستىن:

ــ ۋاي بىچارە ئاكا، قانچىلىك دەردىڭىز بار؟ نېمە قىلغىنىڭىز بۇ؟ ــ دەپ سوراپتۇ. تۇرسۇن ياماقچى

ئاچچىقلاپ:

سورىما سوراق،
ئىچكىنىم ھاراق،
چالغىنىم تەمبۇر،
جىم ئولتۇر ئۆلگۇر!



دەپتۇ. پادىشاھ شوك بولۇپ قاپتۇ. تۇرسۇن ياماقچى تەمبۇرنى چېلىپ:

كۆندە تاپتىم ئۈچ داچەن
گىردە، چىراغ، شارابقا.
ئىشىنمىدىم بىر داچەن،
گۆش ـ ياغ نەدە قورساققا؟

دەپتۇ. پادىشاھ يەنە چىدىيالماي:

ــ ۋاي بىچارە ئاكا، نېمە تىجارەت قىلىسىز؟ ــ دەپ سوراپتۇ. تۇرسۇن ياماقچى:

تىجارىتىم موزدۇزلۇق،
ياماپمەن ئۆتۈك، پوپۇچ.
تاشتىن قاتتىق يوقسۇزلۇق،
ھېچ بولمىدى كۆڭلۈم خۇش.

دەپ ھۆڭرەپ يىغلاپ كېتىپتۇ. پادىشاھ ئىچىدە كۈلۈپ، ئاغزىدا كۆڭلىدىكىنى ئېيتىپ، مۇنداق دەپتۇ:

ــ ۋاي ھاراقكەش ياماقچى، كۆرگەن كۈنۈڭگە شۈكۈر دېسەڭ بولمامدۇ؟ ئەگەر سېنىڭ مۇشۇ قوشاقلىرىڭنى پادىشاھ ئاڭلاپ قېلىپ، ئەتىدىن باشلاپ: «ھېچكىم ياماق ياماتمايدۇ، ھەركىم ئۆزىنىڭ ئۆتۈك، پوپۇچىنى ئۆزى ياماپ كىيسۇن» دەپ جاكارلىسا، قانداق قىلىسەن؟

ياماقچىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ، هاراق ئالغان قارا ھېي-جىرنى «قەلەندەر»نىڭ بېشىغا ئېتىپ:

— ھەي شۇم ئېغىز دىۋانە، ئۆيۈمدىن چىق ! — دەپ ھەيدەپ چىقىرىپتۇ.

پادىشاھ ئوردىسىغا بېرىپ، ئەتىسى: «ھېچكىم باش-قىلارغا ياماق ياماتمايدۇ، ھەم ھېچكىم باشقىلارنىڭ يامىقى-نىمۇ يامىمايدۇ. پەرمانغا بويسۇنماي، ياماق ياماتقان ياكى ياماق يامىغانلار جازاغا تارتىلىدۇ !» دەپ جاكارلاپ، ياسا-ۋۇل - قاراۋۇللىرى ئارقىلىق كوچا - كوچىغا تارقىتىپ-تۇ. خەلقلەر بۇ پەرمانغا ھەيران قېلىشىپ، ئىچىدە پادى-شاھنى تىللىشىپتۇ.

پادىشاھنىڭ ياساۋۇل - قاراۋۇللىرى بىر كوچىغا كەلسە، ھېلىقى ياماقچى ياماقچىلىق قىلىۋېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ياساۋۇللار:

— سەن پادىشاھنىڭ پەرمانىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ ! — دەپ ۋارقىراپ - جارقىراپ، ياماقچىنىڭ نەرسە - كېرەك-لىرىنى تېپىپ - چېقىپ تاشلىۋېتىپتۇ.

بىچارە ياماقچى يىغلاپ - قاقشاپ ئۆيىگە يېنىپ كەپ-تۇ. بىرەر ئوقەت قىلمىسام، قورساق ئاچ قالىدۇ، دەپ بۇ-رەندىسىنى [1] ئېلىپ سەھراغا چىقىپ، ئادراسمان ئوروپ بازارغا ئەكېلىپ سېتىپ، يەنە نان، چىراغ يېغى، ھاراق

---

[1] بۇرەندە — موزدۇزلارنىڭ چەم كېسىدىغان ئەسۋابى.

ئېلىپ، ئاخشىمى هاراقنى ئىچىپ، تەمبۇر چېلىپ قوشاق قوشۇپ ئولتۇرسا، هېلىقى پادىشاھ باشقا بىر دىۋانىنىڭ قىياپىتىگە كىرىپ تۇرسۇن ياماقچىنىڭ ئىشىكىنى قېقىپتۇ. تۇرسۇن ياماقچى:

— كىمسەن؟ — دەپ ئىشىككە چىقىپ قارىسا، بىر غېرىب بىچارە تۇرغۇدەك. «قەلەندەر» تۇرسۇننىڭ كۆرۈشى بىلەن:

— جېنىم بۇرادەر، بۈگۈن بىر ئاخشام قونۇپ، ئەتە سەھەردە كەتسەم... — دەپ يالۋۇرۇپتۇ. تۇرسۇن ياماقچى:

— مەن ئادەم قوندۇرمايمەن. ئاخشام بىر دىۋانە كېلىپ ئاغزىنى ئۇششۇتۇپ، شۇملۇق قىلدى. نەگە بارساڭ شۇ يەرگە بار! — دەپتۇ. «قەلەندەر»:

— بايلار: «پىتلىق گاداي» دەپ يولاتمىسا، ئۆزۈمگە ئوخشاش گادايغۇ، دەپ سىزنىڭكىگە كەلسەم، سىزمۇ قوغلىسىڭىز، قانداق قىلارمەن ئەمدى؟ بۇ پادىشاھنىڭ شەھىرىدە كۈن ئالماق تەس بولدى، — دەپ يالغاندىن يىغلاپتۇ. تۇرسۇن ياماقچىنىڭ ئىچى ئاغرىپ:

— بولدى، يىغلىما، ئەمما ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن مېنىڭ قىلغان ئىشىمغا ئارىلاشما، جىم يېتىپ، ئەتە كەت، — دەپ، ئۆيگە باشلاپ كىرىپتۇ. كېيىن تەمبۇرنى ئېلىپ مۇڭلۇق مۇقامغا يەنە چېلىشقا باشلاپتۇ:

ئاتام ئۆتكەن بۇ شەرىڭدە،
ئانام ئۆتكەن بۇ شەرىڭدە.

يورۇق كۈن بولارمىكىن،
زالىم شاھ، بۇ دەردىڭدە؟

دەپ قوشاق قوشۇپ يىغلاپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ چىدىيالماي:
— ۋاي بىچارە ئاكا، نىمە ئۇقەت قىلىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ. تۇرسۇن:

سورىما سوراق،
ئىچكىنىم هاراق،
چالغىنىم تەمبۇر،
جىم ئۇلتۇر ئۆلگۇر.

دەپتۇ. پادىشاھ بىردەم شۈك ئولتۇرۇپتۇ. تۇرسۇن ياماقچى تەمبۇرنى تىخمۇ مۇڭلۇق پەدىگە چېلىپ، ناخشىسىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ:

مۇزدۇزلۇق قىلىۋىدىم،
ئاچ قېلىپ تاياق يېدىم.
بۇرەندىنى ئۇرغاق قىپ،
ئادراسمان ئۇراي دىدىم.

ئاران تاپتىم ئۈچ داچەن،
گىردە، چىراغ، شارابقا.

بۇ ھۈنەرنى توسسا شاھ،
ئەمدى كېتەي يىراققا.

بۇنى ئاڭلىغان «قەلەندەر»:

— پادىشاھ ئەتە: «ھېچكىم ئادراسمان ساتمايدۇ» دەپ جاكارلىسا، قانداق قىلىسىز؟ ئۇنداق ناشۇكۇرلۇك قىلماڭ، — دەپتىكەن، تۇرسۇن ياماقچىنىڭ قۇيقا چېچى تىك تۇرۇپ:

— يوقال، شۇم ئېغىز قەلەندەر! تۇنۇگۇن بىرىنىڭ موزدۇزلۇق تىجارىتىمدىن ئايرىدىڭ، بۈگۈن سەن كېلىپ بۇ ھۈنىرىمدىن ئايراي دەمسەن؟ — دەپ ئۆيىدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ.

پادىشاھ ئەتىسى: «ھېچكىم ئادراسمان ساتمايدۇ، ئادراسمانمۇ ئالمايدۇ» دەپ جاكار قىلىپ، ياساۋۇل - قاراۋۇللىرىنى يەنە كوچا - كوچىغا چىقىرىپتۇ.

بىر ياساۋۇل كوچىدا كېتىۋاتسا، تۇرسۇن ياماقچى: «ئادراسمان، ئادراسمان، ئاغرىققا شىپا، ئاجىزغا دەرمان» دەپ ۋارقىراپ كېتىۋاتقۇدەك. بۇنى كۆرگەن ياساۋۇل يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئۇنىڭ قولىدىكى ئادراسماننى تارتىۋېلىپ ھەيدىۋېتىپتۇ. تۇرسۇن ياماقچى يىغلاپ - قاقشاپ ئۆيىگە كېلىپ، ئىككى سوغىسىنى ئېلىپ بىر ئاشپۇزۇلغا سۇ توشۇپ، توققۇز داچەن تېپىپتۇ. ئۈچ داچەنگە نان، ئىككى داچەنگە چىراغ يېغى، تۆت داچەنگە ھاراق ئېلىپ ئۆيىگە

كەپتۇ.

كېچىسى پادىشاھ باشقا بىر دۆۋىنىڭ قىياپىتىگە كىرىپ يەنە تۇرسۇن ياماقچىنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ، بىراق پادىشاھ بۇگۇن سەل كېچىكىپ قاپتۇ. تۇرسۇن ياماقچى بولسا، ھاراقنى ئىچىپ بولۇپ، شىركەيىپ ئولتۇرغانىكەن. پادىشاھ:

— بارىدىغان يېرىم يوق، بىر كېچە ئۆيىڭىزدە قونۇپ كەتسەم، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ. تۇرسۇن ياماقچى ئۇنىماپتۇ. كېيىن «قەلەندەر» يىغلاپ:

— كەمبەغەل كەمبەغەلنىڭ قاياشى ئەمەسمۇ، — دەپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ياماقچى: «خەير، بوپتۇ» دەپ، دۆۋانىنى ئۆيىگە باشلاپ كىرىپتۇ. ئۆزى بولسا، ئادىتى بويىچە تەمبۇرنى ئېلىپ:

بۇگۇن ھاۋا تۇتۇلۇپ،
باشلىدى قار ياغقىلى.
نېمىشقىمۇ تۆرەلدىم
ھەممە دەردنى تارتقىلى.

ئادالەتسىز پادىشاھنىڭ
تولا تارتتىم دەردىنى.
ئادراسمان ساتاي دېسەم،
چېچەۋەتتى بارىنى.

تۆشۈك سوغامنى ياماپ،
سۇ ئەكەپ ساتتىم بۇگۈن.
ئادالەتسىز پادىشاھنى
قوشاقتا قاتتىم بۇگۈن.

دەپ قوشاق قېتىپ يىغلاپتۇ. پادىشاھ چىداپ ئولتۇرالماپتۇ، سوراي دېسە، ئۇرارمىكىن دەپ قورقۇپتۇ. ئاخىر:

— ۋاي جېنىم ئاكا، ئەتە پادىشاھ: «ھېچكىم سۇچىلىق قىلمىسۇن» دەپ جاكار قىلسا، قانداق قىلارسىز؟ — دەپتۇ. تۇرسۇن ياماقچىنىڭ جان - پېنى چىقىپ كېتىپتۇ - دە:

— قوپ، شۇم ئىبغىز، يوقال بۇ يەردىن! — دەپ، ئەپكەش بىلەن ئۇرۇپ - سۇرۇپ، ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ.

ئەتىسى تۇرسۇن ياماقچى سوغىسىنى كۆتۈرۈپ ئاشپۇزۇلمۇئاشپۇزۇل يۈرۈپ سۇ ساتالماپتۇ، چۈنكى پادىشاھنىڭ ئەمرى بويىچە ھېچكىم سۇ ئېلىشقا جۈرئەت قىلالماپتۇ. تۇرسۇن ياماقچى يىغلاپ - قاقشاپ ھېچ ئىلاج قىلالمىغاندىن كېيىن، ئەمدى پادىشاھنىڭ قېشىغا بېرىپ ھالىمنى ئېيتاي، ھالىمغا يەتسە يېتەر، يەتمىسە باشقا كەلگەننى كۆرەرمەن، دەپ ئوردىغا مېڭىپتۇ.

ئوردىنىڭ ئالدىغا بېرىپ: «كىرەيمۇ، كىرمەيمۇ» دەپ ئىككىلىنىپ تۇرسا، سېمىز ئارغىماقنى مىنگەن بىر باي

كەپتۇ. بۇ باي يىراق جايدىن كەلگەنىكەن. باي ئاتتىن چۈشۈپلا ئوردىنىڭ ئالدىغا كىچىك تەرەت قىلىپ قويۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن تۇرسۇن ياماقچى: «بۇ باينىڭ بىر جاجىسىنى بېرەي» دەپتۇ ـ دە، كاپ قىلىپ ئۇنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ:

ـــ سەن يەر تېپىلمىغاندەك ئوردىنىڭ ئالدىغا تەرەت قىلامسەن؟ ! بۇ پادىشاھقا ھاقارەت ئەمەسمۇ؟ ! يۈر، ئوردى-



غا ! ــ دەپ سوٚرەپتۇ. باي قورققىنىدىن نېمە قىلىشىنى بىلمەي بەزگەكتەك تىترەپ، كوٚزلىرىنى پارقىرىتىپ:

ــ ۋاي جېنىم ئاكا، ئۇقماپتىمەن، توۋا قىلدىم، ــ دەپ يالۋۇرۇپتۇ. تۇرسۇن ياماقچى:

ــ ياق، مەن زادى سېنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئەكىرىدىمەن، ــ دەپ تۇرۇۋاپتۇ. باي تېخىمۇ قورقۇپ كېتىپ:

ــ جېنىم بۇرادەر، مۇشۇ ئېتىمنى بېرەي، بىر نوۋەت گۇناھىمدىن ئوٚتكىن، ــ دەپ تۇرۇۋاپتۇ. تۇرسۇن ياماقچى:

ــ ياق، مەن ئېتىڭنى ئېلىپ ئوٚزۈمنى ئوٚلۈمگە تۇتۇپ بېرىمەنمۇ؟ ! ــ دەپ ئۇنىماپتۇ.

باي يىغلاپ ـ يالۋۇرۇپ، يانچۇقىدىن بىر ئوچۇم تىللانى ئېلىپ ئات بىلەن قوشۇپ بېرىپتۇ. تۇرسۇن ياماقچى ئات بىلەن تىللانى ئېلىپ كېتىپتۇ. بايمۇ قۇتۇلغىنىغا خۇش بولۇپ، ئوٚز يولىغا راۋان بوپتۇ.

تۇرسۇن بازارغا بېرىپ ئاتنى سېتىپ، كىگىز ـ گىلەم، چىنە ـ چەينەك، گوٚش ـ ياغ، مەي ئاپتۇ. بۇگۇن ئۇ كۇندىكىدىن زىيادە كوٚڭۇل ئېچىپ ئولتۇرسا، پادىشاھ باشقا بىر دىۋانىنىڭ قىياپىتىگە كىرىپ يەنە كەپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، تۇرسۇن ياماقچىنىڭ ئوٚيىدە كۇندىكىدەك غۇربەتچىلىك يوق، بەلكى مولچىلىق بولۇپ كەتكەن. پادىشاھ ھەيران بولۇپ ئاغزىنى ئېچىپلا قاپتۇ، بۇنىڭ تېگىدە بىر سىر بار، دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، بىر بۇلۇڭغا كىرىپ جىم ئولتۇرۇۋاپتۇ. تۇرسۇن ياماقچى تەمبۇرىنى ئېلىپ:

ئادالەتسىز پادىشاھ
ھېچبىر ئوقەت قىلدۇرماي.
بايىنى بابىلىدى تۇرسۇن،
ھېچ كىشىگە تۇيدۇرماي.

دەپ قوشاق ئېيتىپتۇ.

پادىشاھ بۇ كېچە گەپ قىلماي جىم يېتىپتۇ، ئەتىسى ئوردىغا بېرىپلا ياساۋۇللىرىغا تۇرسۇن ياماقچىنى دەرھال ئېلىپ كېلىشكە ئەمر قىپتۇ. ئىككى ياساۋۇل تۇرسۇن ياماقچىنىڭ پۇت - قولىنى يەرگە تەگكۈزمەي پادىشاھنىڭ ئالدىغا ھەيدەپ كەپتۇ. پادىشاھ:

— ھەي بوۋاي، سەن قىزىق ئادەم ئىكەنسەن، ماڭا ھۆرمەتسىزلىك قىلىپ ئوردىنىڭ ئالدىغا تەرەت قىلغان بايىنى بابلاپ، ئېتى بىلەن پۇلىنى ئاپسەن. شۇ قىلغان خىزمىتىڭ ئۈچۈن سېنى ئۆزۈمگە جاللات قىلىۋالىمەن، — دەپتۇ ۋە ياماقچىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن زىندانغا تاشلانغان بىر مەھبۇسنى ئاچىقىپ:

— مېنىڭ ئەمرىمگە بويسۇنمىغان مۇشۇ گۇناھكارنى كۆز ئالدىمدا ئۆلتۈرگىن ! — دەپتۇ.

بۇ گۇناھكار تۇرسۇن ياماقچىنىڭ يېقىن ئاغىنىسى ئىكەن. پادىشاھنىڭ بىگۇناھ ئادەمنى ئۆلۈمگە بۇيرۇغىنىغا غەزەپلەنگەن تۇرسۇن ياماقچى قىلىچنى يالىڭاچلاپ، نىمە

بولسام بولاي، بۇ قانخورنىڭ بىر ئەدىپىنى بېرەي، دەپتۇ ـ دە، تەختتە ئولتۇرغان پادىشاھنىڭ كاللىسىنى ئاپتۇ. زالىم پادىشاھنىڭ زۇلمىدىن تويغان خەلق خۇش بولۇپ، تۇرسۇن ياماقچىنى پادىشاھ قىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ يۇرتتا ئادالەت ئورناپتۇ.

# قاينا، چوگون

رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، بۇرۇنقى زاماندا بىر دېھقان بولغانىكەن، ئۇنىڭ مايسىخان دېگەن ئەمگەكچان ھەم چىرايلىق بىر قىزى بار ئىكەن. مەھەللىدىكى ياش يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى مايسىخاننى ياخشى كۆرىدىكەن، ئەمما مايسىخان زېمىندار ماموتنىڭكىدە يىللىقچى بولۇپ ئىشلەيدىغان قۇرباننى يارىتىدىكەن. قىز ھەر دائىم قۇرباننىڭ قوي باققان يېرىگە بېرىپ ياردەملىشىدىكەن ھەم ئۇنىڭغا نەي چالدۇرىدىكەن. قۇربانمۇ: «توي قىلغۇدەك پۇل تاپساملا، سېنىڭ بىلەن توي قىلاتتىم» دەيدىكەن.

بىر كۈنى قۇربان ئىشلىگەن ئىشى ئۈچۈن زېمىندار ماموتتىن پۇل سورىغانىكەن، ئۇ: «مەندە تېخى سېنىڭ ھېسابلاشقۇدەك پۇلۇڭ يوق» دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئاخىر قۇربان يۇرتىدىن ۋە مايسىخاندىن ۋاقىتلىق ئايرىلىپ، پۇل تېپىشنىڭ باشقا ئامالىنى ئىزدەشنى قارار قىپتۇ. لېكىن، ئۇ زامانلاردا ھەممە نەرسە ئەمەلدارلار بىلەن زېمىندارلار قولىدا ئىكەن، كەمبەغەللەرنىڭ پۇل تېپىشىغا ھېچقانداق



ئامال يوق ئىكەن، شۇڭا قۇربان ئۈچ يىل مۇساپىر بولۇپ يۈرۈپ پۇل تۇرماق ئىشمۇ تاپالماپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، قۇربان سەپەردە كېتىۋېتىپ، بىر ئاقساقال بوۋايغا ئۇچرىشىپ قاپتۇ. بوۋاي تاماق يېمىگەنلىكىنى، قورسىقى ئېچىپ ماغدۇرسىزلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭدىن نان سوراپتۇ. قۇربان ئۆزىگە ئوخشاش جاپا - مۇشەققەت چەككەن كىشىنى كۆرسە، چىداپ تۇرالماي غەمخورلۇق قىلىدىكەن، شۇڭا خۇرجۇنىدىكى ناندىن بىرئاز ئېلىپ بوۋايغا بېرىپتۇ. بوۋاي يەپ بولۇپ يەنە سوراپتۇ. قۇربان ئۆزىنىڭ ياش ئىكەنلىكىنى، بوۋايغا قارىغاندا چىداملىقراق ئىكەنلىكىنى ئويلاپ، ناننىڭ ھەممىسىنى بوۋايغا بېرىۋېتىپتۇ. بوۋاي قورسىقىنى تويغۇزۇۋالغاندىن كېيىن قۇربانغا يېنىدىكى چۆگۈننى بېرىپ، سۇ ئەكېلىشكە بۇيرۇپتۇ ۋە:

— يىگىت، سۇ ئېلىشتا چۆگۈننىڭ قاپقىقىنى ئېچىشنى، ئۆيلەنگەندىن كېيىن ئەمگەك قىلىشنى ئۇنتۇما، —

دەپتۇ.

قۇربان ئېرىنمەستىن ھەم يىراق دېمەستىن بىر چۆ-گۈن سۇ ئەكېلىپ بېرىپتۇ. بوۋاي سۇنى ئىچىپ بولۇپ يەنە بۇيرۇپتۇ. قۇربان قورسىقىنىڭ ئاچلىقىغا قارىماستىن يەنە مېڭىپتۇ. بۇ چاغدا بوۋاي چاقىرىۋېلىپ:

— ئاق كۆڭۈل يىگىت، سېنىڭ نېمىگە ھاجىتىڭ چۈشسە، چۆگۈندىن: «قاينا، چۆگۈن» دەپ سورىساڭ، شۇنى بېرىدۇ، ھاجەت بولمىغان نەرسىنى سورىما، — دەپتۇ.

قۇربان سۇنى ئەكەلسە بوۋاي يوق. بۇ ئەجەب ئىشقۇ، دەپ، ھاڭ-تاڭ قاپتۇ قۇربان. شۇنىڭ بىلەن ئەتراپىنى ئىزدەپتۇ، ۋارقىراپتۇ، لېكىن بوۋاينى ھېچقانداق يەردىن تاپالماپتۇ. ئۇ، ھە، بۇ خىزىر ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپتۇ. قورسىقى ئىچىپ كەتكەن قۇربان بوۋاينىڭ سۆزىنى يادىغا كەلتۈرۈپ: «قاينا، چۆگۈن» دەپ، نان سورىغانىكەن، چۆ-گۈننىڭ ئىچىدىن پۇرقىراپ ھور چىقىپ تۇرغان بىرقانچە ئىسسىق نان چىقىپتۇ. قۇربان خۇشال بولغىنىدىن ناخ-شىسىنى ئېيتىپ، چۆگۈننى كۆتۈرگىنىچە يۇرتىغا راۋان بوپتۇ، كېتىۋېتىپ، مايسىخاننى ئەمدى ئالىدىغان بولدۇم، دەپ ئويلاپتۇ.

قۇربان كەتكەندىن كېيىن، زېمىندار ماموت ۋە شۇ-نىڭغا ئوخشاشلار مايسىخاننى ئېلىشنىڭ قەستىگە چۈشۈپ-تۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالماپ-تۇ. مايسىخان بولسا، قۇرباننىڭ كېلىشىنى تۆت كۆزى

بىلەن كۆتۈپ تۇرۇپتۇ.

بىر كۈنى قۇربان ئاسماندىن چۇشكەندەكلا كېلىپ قاپتۇ. قولۇم ـ قوشنىلىرى ناھايىتى خۇشال بوپتۇ. مامۇت بايلار بولسا: «بىر چۆگۈنلا ئەكەپتۇ، باشقا ھېچنېمە تاپال-ماپتۇ» دېيىشىپ زاڭلىق قىلىشىپتۇ.

قۇرباننىڭ ھەقىقەتەن چۆگۈندىن باشقا ھېچنېمىسى يوق ئىكەن. ئۇ چۆگۈندىن بىرنەرسە سورىماقچى بولۇپ: «پۇل سورايمۇ ياكى باشقا نەرسىمۇ؟» دەپ ئويلاپتۇ، ئاخىر بىر كەتمەن بىلەن ئۇرۇق سوراپتۇ، ئاندىن بوز يەر ئې-چىپ، دېھقانچىلىق قىپتۇ، مايسىخان ئۇنىڭغا ياردەملى-شىپتۇ، كۈزلۈكى مول ھوسۇل ئاپتۇ، شۇنىڭدىن كېيىن يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك ۋە ئۆي ـ جابدۇق تەييارلاپ ئىككىسى توي قىلىشىپتۇ.

قۇرباننىڭ خاسىيەتلىك چۆگۈنى ھەققىدىكى خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن، مامۇت ئۇنى قولغا چۈشۈرۈشنى قەستلەپ، قۇرباننىڭ ئۆيىگە قاراپ مېڭىپتۇ.

قۇرباننىڭ مامۇتقا چۆگۈننى بېرىشكە كۆڭلى ئۇنىما-سىمۇ، ھامان ئۇنىڭ تارتتۇالىدىغانلىقىنى سېزىپ، دېھقان-چىلىقتا ئىشلىتىدىغان قوراللارغا تېگىشىشنى ئويلاپتۇ. مايسىخان قۇرباننى چاقىرتۇۋېلىپ:

ــ مامۇتنىڭ كۆك ئېتىغا تېگىشىڭ، يەر تېرىغاندا ئىشلىتىمىز، ــ دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ.

بۇ ئىشنى ئاڭلاپ ھەيران بولغان جامائەت قۇربانغا

ئەگىشىپ مېڭىپتىكەن، يېرىم يولدا چۆگۈننى ئېلىش ئۇ-
چۇن كېلىۋاتقان مامۇتقا ئۇچراپتۇ.

— چۆگۈنۈمنى سېنىڭ كۆك ئېتىڭغا تېگىشىمەن، — دەپتۇ قۇربان.

— چۆگۈننىڭ سىرىنى كۆرسەت، — دەپتۇ مامۇت.

قۇربان جامائەت ئالدىدا: «قاينا، چۆگۈن» دەپتىكەن، خىلمۇخىل نەرسىلەر چىققىلى تۇرۇپتۇ، بارغانسېرى كۆپ چىقىپتۇ. مامۇت ھوشىنى يوقىتاي دەپ قاپتۇ. قۇربان چۆگۈندىن چىققان نەرسە - كېرەكلەرنى بىللە كەلگەن كۆپچىلىككە بۆلۈپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئاپتۇ.

مامۇت ۋەدە بويىچە كۆك ئېتىنى چۆگۈنگە تېگىشىپ، تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى ئېلىش ئۇچۇن ئالدىراپ ئۆيىگە مېڭىپتۇ. ئۆيىگە كېلىپ، قولۇم - قوشنا ۋە ئۆيىدىكى-لەرنى ھەيدەپ چىقىرىۋېتىپ، ئىشىكنى تاقاپ ئالتۇنلارنى يىغىۋېلىش ئۇچۇن تەييارلىنىپتۇ.

قوشنىلىرى خېلى ۋاقىت تىڭ تىڭشاپ كۆرسىمۇ، مامۇت-تىن ھېچ دىرەك بولماپتۇ. كىشىلەر بارغانسېرى كۆپىيىپ غۇلغۇلا قىلىشىپتۇ. ئاقىۋەت ئۇلار ئۆيىگە كىرىپ قارىسا، چۆگۈندىن ئالتۇن ئەمەس، ئەكسىچە ناھايىتى نۇرغۇن كې-سەك چىقىپ، ياۋۇز مامۇتنى بېسىپ ئۆلتۇرۇپ قويۇپتۇ.

شۇنىڭدىن باشلاپ مامۇتنىڭ قولىدا ئېزىلىۋاتقانلار ھەم قۇربان بىلەن مايسىخانلار ئازاد بولۇپ، بەختلىك تۇر-مۇش كەچۈرۈپتۇ.

# نەيرەڭشۋاز

بۇنىڭدىن بىرقانچە مىڭ يىللار ئىلگىرى تەكلىماكان چۆللۈكى باغۇ بوستانلىق بىر گوزەل ۋادا ئىكەن. ئۇنىڭ شىمالىي تەرەپلىرىدە، تارىم دەرياسىنىڭ ياقىلىرىدا بىر-بىرىگە قوشنا كىتتىك ۋە زورىكىت دېگەن شەھەرلەر بولغانىكەن. بۇ شەھەرلەر ئۆزىنىڭ ئاۋاتلىقى ۋە باياشاتلىقى بىدلەن مەشھۇر ئىكەن. شەھرى كىتتىككە تاھىر خىزىم دېگەن ياش بىر كىشى، شەھرى زورىكىتكە خوجا ئەكبەر دېگەن بىر مويسىپىت كىشى پادىشاھكەن. خوجا ئەكبەرنىڭ قامىدتى سەرۋىدەك، چىرايى ئۇن تۆت كۈنلۈك تولۇن ئايدەك، كۆزلىرى بۇلاقتەك، ئاغزى ئۇيماقتەك، مەڭزلىرى ئانار-دەك، قىلىقلىرى ئىللىق باھاردەك بىر چىرايلىق قىزى بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئىسمى گۈلنىسا بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى ھۆرمەتلەپ مەلىكە گۈلنىسا دەپ ئاتايدىكەن. مەلىكىنىڭ داڭقى تاھىر خىزىم پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. ئۇ بۇ مەلىكىگە غايىبانە ئاشىقى بىقارار بولۇپ، ئىشقى پىراقىدا گۈلخان بولۇپ يېنىپتۇ. بىر كۈنى ئۇ بارلىق ۋەزىر-

ۋوزرالىرىنى، ئاقىلۇ دانىشمەنلىرىنى، يۇرت كاتتىلىرىنى مەجلىسكە چاقىرىپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئى ۋەزىرلىرىم، دانىشمەنلىرىم، ئەھلى جامائەتلىرىم، مەن خوجا ئەكبەر پادىشاھقا كۈيئوغۇل بولماقچىمەن، بۇ توغرىدا ھەرقايسىلىرىدىن مەسلىھەت ئالماقچىمەن ھەم ياردەم تەلەپ قىلماقچىمەن.

مەجلىس ئەھلى ئىچىدىن خوجا دىلگىر دېگەن باش ۋەزىر ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، تەزىم قىلىپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئى ئۇلۇغ پادىشاھىئالەم، سىزگە قۇتلۇق بولسۇن، نىيىتىڭىزگە يېتىشكە ئاللا ئىگەم يار ـ يۆلەك بولسۇن. ھېلىغۇ خوجا ئەكبەر پادىشاھقا كۈيئوغۇل بولماقچى ئىكەنسىز، مۇبادا كۆھقاپ پادىشاھىغا كۈيئوغۇل بولماقچى بولسىڭىزمۇ بىز سىزنى مۇرادىڭىزغا چوقۇم يەتكۈزىمىز.



باشقا مەجلىس ئەھلىلىرىمۇ بىردەكلا: «كۆڭۈلدىكى گەپ بولدى» دېيىشىپتۇ.

تاھىر خىزىم پادىشاھ مەجلىس ئەھلىگە تەشەككۇر بىلدۈرۈپتۇ. مۇزاكىرە ئارقى-

لىق خوجا دىلگىر باش ۋەزىرنىڭ ئەلچى بولۇپ خوجا ئەكبەر پادىشاھنىڭ قېشىغا بېرىشى تايىن تېپىلىپتۇ. بۇنى تاھىر خىزىم پادىشاھمۇ خوپ كۆرۈپتۇ. خوجا دىلگىر يۈز تۆگىگە سوۋغا ـ سالام ئارتىپ، خىزمەتچىلەر بىلەن بىللە زوركەت شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار ئۇزۇن يول يۈرۈپ، ئاخىر زوركەت شەھىرىگە يېتىپ كېلىشىپتۇ ۋە خوجا ئەكبەر پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ، ئىززەت ـ ھۆرمەت بىلەن ئېگىلىپ سالام قىلىشىپتۇ. خوجا دىلگىر ئۆزى ئەكەلگەن سوۋغاتلارنى خوجا ئەكبەر پادىشاھنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ ۋە تىزلىنىپ تۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ:

ــ ئەي شاھلارنىڭ شاھى، خۇداۋەندە كېرىمنىڭ ئەڭ ئەزىز بەندىسى، پۈتۈن ئالەمنىڭ قۇياش ئاپتىپى، جىمى ھاياتلىقنىڭ غەمگۇزارى، باشپاناھى بولغان پادىشاھ ئالىيلىرىغا خىزمەتكار قۇللىرى بولمىش پادىشاھىمىز تاھىر خىزىم ئۆزلىرىگە كۈيئوغۇل بولۇش تەلىپىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن بىزنى ئەلچىلىككە ئەۋەتكەنىدى. پادىشاھىمىزنىڭ ئۆزلىرىگە بولغان ئىشەنچىسىنى يەردە قويماي، تەلىپىنى ئاتلارچە مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن ئىلىك ئېلىشلىرىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سورايمىز.

خوجا دىلگىر سۆزىنى ئاياغلاشتۇرۇپ پادىشاھنىڭ ئايىغىغا باش قويۇپتۇ. پادىشاھ ئۇنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ، ئۆز رازىلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. ئەلچىلەر پادىشاھنىڭ بۇ ئىلتىپاتىدىن خۇشاللىققا چۆمۈپ، پادىشاھقا رەھمەت ئېيتىد-

شىپ، تەزىم قىلىشىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھ ئەل-چىلەر شەرىپىگە كاتتا زىياپەت بېرىپتۇ. زىياپەتتە ھەممە كىشى شاراب ئىچىپ، رەققاسلارنىڭ نەپىس ئۇسسۇللىرىنى كۆرۈپ، نەغمىكەشلەرنىڭ يېقىملىق ـ شوخ ناخشىلىرىنى ئاڭلاپ ھوزۇر قىلىپ كۆڭۈل ئېچىپتۇ. پادىشاھ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن مەلىكە گۈلنىسانى نۇرغۇن سوۋغا ـ سالام بىلەن تاھىر خىزىم پادىشاھنىڭ شەھىرىگە يولغا سېپتۇ. ئۇلار يەنە ئۇزاق يوللارنى بېسىپ شەھرى كىتىك دائىرى-سىگە يېتىپ كەپتۇ. ۋەزىر خوجا دىلگىر ئۆزلىرىنىڭ يې-تىپ كەلگەن خۇش خەۋىرىنى تاھىر خىزىم پادىشاھقا يەت-كۈزۈش ئۈچۈن ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. مەلىكە گۈلنىسانىڭ كې-لىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان تاھىر خىزىم پادىشاھ پۈتۈن شەھەر خەلقىنى باشلاپ يول ئۈستىگە چىقىپتۇ. ئۇلار شەھەر سىرتىدا بەختلىك ئۇچرىشىپتۇ. شەھەر خەلقى ناغرا ـ سۇنايلارنى چېلىشىپ، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ بۇ خۇشاللىق ئۇچرىشىشقا قىزغىن تەنتەنە قىلىشىپتۇ ھەم پادىشاھ بىلەن مەلىكىنى گىلەم ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ شەھەرگە ئەكىرىپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ قىرىق كېچە ـ كۈندۈز توي بوپتۇ. توي مەرىكىسى تۈگىگەندىن كېيىن، پادىشاھ بىلەن گۈلنىسا بەختلىك كۈنلەرنى ئۆتكۈزۈشكە باشلاپتۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ بۇ بەختلىك كۈنلىرى ئۇزاققا بارماپتۇ. ۋاقىت ئۇزارغانسېرى گۈلنىسا ئاتا ـ ئانىسىنى، سۆيۈملۈك دىيارىنى سېغىنىشقا باشلاپتۇ، ئىشتىھاسى تۇ-

تۇلۇپ، چىرايى سارغىيىپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭ بۇ ھالىتىدىن ئەجەبلىنىپ، بىر كۈنى:

— ئەزىزىم، سىزگە نېمە بولدى؟ — دەپ سوراپ-تۇ. گۈلنىسا پادىشاھقا مالاللىق كەلتۈرۈپ قويماسلىق نىيىتىدە:

— ھېچنېمە بولمىدىم، — دەپ راست گېپىنى ئېيت-ماپتۇ. گۈلنىسا بىر كۈنى خىزمەتچىلىرىنى چاقىرىپ:

— ئۇستا بىر رەمچى تېپىپ كېلىڭلار، — دەپ بۇي-رۇپتۇ. خىزمەتچىلەر تەرەپ - تەرەپكە قاتراپ يۈرۈپ رەم-چى ئىزدەپتۇ. مۇشۇ كۈنلەردە شەھىرى كىتىككە باشقا بىر يۇرتتىن رائىلە ئىسىملىك بىر دەججال كېلىپ قالغان-كەن. ئۇ ھەربىر گېپىدە بىسمىللانى، خۇدانى، پەيغەمبەرنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي، ئۆزىنى ناھايىتى تەقۋادار قىلىپ كۆرسىتىدىكەن. ئۇ قىرىپ مۆكچىيىپ كەتكەن بولۇپ، ئاغزىدا بىرمۇ چىشى يوق ئىكەن ۋە كۆزىدىن توختىماي ياش ئېقىپ تۇرىدىكەن. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئۇ بىر قاراپلا كىشىنىڭ ئىچ سىرىنى بىلىۋالالايدىكەن. رەمچى ئىزدەپ چىققان خىزمەتچىلەر كوچا دوقمۇشىدا ئەنە شۇ رائىلەگە يولۇقۇپتۇ. ئۇلار رائىلەنى پادىشاھنىڭ مەلىكىسى-گە رەم سېلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىپتۇ. رائىلە بۇنىڭدىن خۇشال بولۇپ، خىزمەتچىلەر بىلەن بىللە مەلىكىنىڭ ھە-رىمىگە يېتىپ كەپتۇ. ئۇ مەلىكىنى كۆرۈش بىلەنلا:

— ئەسسالام، مەلىكەم، مەن خىزمىتىڭىزگە تەييار بو-

لۇپ كەلدىم، ــ دەپ تەزىم قىپتۇ.

ــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، قۇتقا، خۇش كەپلا، ــ دەپ قارشى ئاپتۇ مەلىكە.

خىزمەتچىلەر مەلىكىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە داستىخان يېيىپ، رائىلەنى مېھمان قىپتۇ. ئۇ قورسىقى تويغاندىن كېيىن، مەلىكىنىڭ بەختىنى تىلەپ ئۇزۇن دۇئا قىپتۇ. دۇئادىن كېيىن:

ــ ئى قۇتقا، مەن سىلىنى رەم سالدۇرغىلى چاقىرغا-نىدىم، ــ دەپتۇ مەلىكە گۈلنىسا.

ــ مەلىكەم، سىزنىڭ ھاجىتىڭىزنى ئورۇنداشقا مەن تەييار، ــ دەپتۇ رائىلە.

ــ ئى قۇتقا، ــ دەپتۇ مەلىكە كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئېلىپ، ــ مەن بۇ يەرگە كەلگەندىن بېرى ھۆرمەت-لىك ئاتا - ئانامنى، سۆيۈملۈك دىيارىمنى كۆرەلمىدىم، سېغىنىش پىراقىدا سارالڭ بولۇپ قالاي دەۋاتىمەن. سىلى رەم سېلىپ، ئاتا - ئانامنىڭ، يۇرتۇمنىڭ ئەھۋالىنىڭ قانداقلىقىنى ماڭا دەپ بەرسىلە، خىزمەتلىرى ئۈچۈن خۇش بولغۇدەك ھەق بېرەتتىم...

ــ بولىدۇ، مەلىكەم، سىز ھەق بەرمىسىڭىزمۇ مەن بۇ ئىشلارنى ئەلۋەتتە قىلىمەن...

رائىلە خالتىسىدىن ئالىيېشىل تاشلارنى ئېلىپ ئەپ-سۇن ئوقۇپتۇ ۋە تاشلارغا ئۇرۇپ، گىلەم ئۈستىگە چېچىپتۇ. ئۇ تاشلارغا تازا سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن مۇنداق

تەبىر ئېيتىپتۇ:

— ئى مەلىكەم، ھۆرمەتلىك ئاتا ـ ئانىڭىز، سۆيۈم-لۈك دىيارىڭىز ئۆزىڭىز كۆرگەندەكلا خاتىرجەم ئىكەن. ئۇلارمۇ سىزنى كېچە ـ كۈندۈز سېغىنىدىكەن، كۈندە دې-گۈدەك يولىڭىزغا قارايدىكەن. سىز ئۇلاردىن ھەرگىز غەم يېمەڭ، خۇدايىم سىلەرنى پات ـ يېقىندا كۆرۈشكىلى نې-سىپ قىلىدىغاندەك قىلىدۇ. ئەمما... — رائىلە گەپنى مۇشۇ يەردە توختىتىپ قويۇپتۇ.

— قۇتقا، نېمە بولدى؟ گەپنىڭ ئاخىرىنى ئېيتمىدى-لىغۇ؟ — مەلىكە گۇلنىسا تەقەززا بولۇپ سوراپتۇ، ئۇنىڭ چىرايىنى غەمكىنلىك قاپلاپتۇ. بۇنى كۆرگەن رائىلە ئىچ ئاغرىتقان بولۇپ:

— مەلىكەم، ئاخىرىنى ئېيتماي دېگەنىدىم، سوراپ قالدىڭىز، يوشۇرۇپ نېمە قىلاي، كۆڭلىڭىزگە ئازار يەتمە-سە، رەمگە چۈشكەن بىر ئىشتىن سىزنى خەۋەردار قىلغۇم كېلىۋاتىدۇ، — دەپتۇ.

— ئېيتسىلا، قۇتقا، مەن سىلىدىن تىلەي...

— ئى مەلىكەم، ئۆزىڭىز شۇنچىلىك چوڭ بىر پادى-شاھنىڭ قىزى ئىكەنسىز، تاھىر خىزىم پادىشاھ سىزنى ئارزۇلاپ نىكاھىغا ئالغانىكەن، ئەمدى كېلىپ سىزدىن ... — رائىلە گەپنى يەنە توختىتىپتۇ.

— ھە، ئەمدى نېمە بوپتۇ؟ — دەپ سوراپتۇ مەلىكە ئالدىراپ.

— مۇشۇ كۈنلەردە پادىشاھنىڭ سىزدىن كۆڭلى قال-غىنلى تۇرۇپتۇ. پات يېقىندا سىزنى تالاق قىلىپ، باشقا بىرىنى نىكاھىغا ئالىدىغاندەك قىلىدۇ.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان گۈلنىسانىڭ دىمى سىقىلىپ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپتۇ، بېشى قېيىپتۇ، ئاچچىقىغا پايلىماي «شور پېشانەم!» دەپ پېشانىسىگە ئۇرۇپ، روجەك تۈۋىگە كەپتۇ ۋە ئاسمانغا قاراپ مۇنداق بىر نەزم ئوقۇپتۇ:

ئى خۇدايىم، تۆپىمىزدە تۇرسەن،
ھەربىر ئىشنى ئۆزۈڭ ئېنىق كۆرسەن.
بىرەر يامان ئىش قىلمىدىم ئالدىڭدا،
نىچۈن مىنى مۇنچە دەردكە قويسەن؟!

نەزمنى ئوقۇپ بولۇپ كۆزلىرىدىن ھەسرەت ياشلىرىنى تۆكۈپتۇ. رائىلە مەلىكىنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئالدانغانلىقىدىن خۇشال بوپتۇ ۋە ئىچ ئاغرىتقان ھالدا:

— ئەي مەلىكەم، غەم - قايغۇ، ئاچچىق، كۈنداشلىق بىلەن ئۆزىڭىزنى قىيناماڭ! پادىشاھنىڭ يامان غەرىزىنى بىلىشكە قادىر بولغان قۇتقىڭىز بۇ ئىشلارنىڭ ئالدىنى ئالالماسمۇ؟! — دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ مەلىكە ئۇنىڭدىن مەدەت تىلەپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئەي قۇتقا، مەن پۈتۈن ئەقلىمغا داڭقى كەتكەن

خوجا ئەكبەر پادىشاھنىڭ قىزى بولىمەن. ئەمدىلىكتە تا-
ھىر خىزىم پادىشاھنىڭ كۆڭلى مېنىڭدىن سوۋۇپ، باشقا
بىرىگە بۇزۇلىدىغان بولسا، ماڭا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق خور-
لۇق يوق. ئەل ئالدىدا تاشلاندۇق خوتۇن بولۇپ يۈرگىنىم-
دىن ئۆلۈۋالغىنىم ياخشى. ئەگەر قولىڭىزدىن كەلسە، بار
ئامالنى ئىشقا سېلىپ بۇ ئىشنىڭ ئالدىنى ئالسىلا، مەن
سىلىنىڭ بۇ خىزمەتلىرى ئۈچۈن ئۆمۈرۋايەت يەتكۈدەك
مال-دۇنيا بېرەي...

— بولىدۇ، — دەپتۇ رائىلە، — ئايال كىشى ئاجىز،
بىر-بىرىگە قاياش بولمىسا بولامدۇ؟ سىز خاتىرجەم بو-
لۇڭ، گۈل چىرايىڭىزنى سولدۇرماڭ. ماڭا بىرلا نەرسىنى
تەييارلاپ بەرسىڭىز بولدى، قالغان ئىشنى ئۆزۈم توغرىلاي-
مەن.

— ئۇ قانداق نەرسە؟ — دەپ سوراپتۇ مەلىكە.

— پادىشاھ ئۇخلاپ قالغاندا، تۇيدۇرماستىن ئىتتىك
ئۈستىرا بىلەن ساقىلىدىن بىر تال كېسىۋېلىپ ماڭا بەر-
سىڭىز، ئىش پۈتتى دېگەن گەپ. پادىشاھنى ئايىغىڭىز تې-
گىدە قۇرتتەك ئۆمىلەيدىغان قىلىۋېتىمەن...ھى-ھى-
ھى...

— بولىدۇ.

مەلىكە ئۇنىڭغا مىڭ تىللا ئىنئام قىپتۇ. رائىلە
تىللارلارنى ئېلىپ، مەلىكىنىڭ بەختى ئۈچۈن دۇئا قىلىپ
خوشلىشىپ قايتىپتۇ. ئۇ مەلىكىنىڭ قېشىدىن چىقىپ

دەرۋازا ئالدىدا بىردەم چۆرگىلەپ يۈرۈپتۇ. ئاندىن مەلىكىگە تۇيدۇرماي، دەرۋازىدا تۇرىدىغان خىزمەتچىلەردىن ئۆزىنىڭ پادىشاھ بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋاپتۇ. خىزمەتچىلەر ئۇنىڭ تەلىپىنى پادىشاھقا يەتكۈزگەندىن كېيىن، پادىشاھ كىرىشكە ئىجازەت بېرىپتۇ.

— ئى ئۇلۇغ پادىشاھىئالەم، — دەپتۇ رائىلە كىرگەن پېتى پادىشاھنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ، — كەمىنە قۇللىڭىز دۆلىتىڭىز سايىسىدە ياشاپ كېلىۋاتقان ئاددىي بىر رەمچى بولىمەن. سىزنىڭ ئامانلىقىڭىز بىزدەك ئاجىز، مۆمىن بەندىلەرنىڭ بەختى. مەن كېچە-كۈندۈز خۇدادىن سىزنىڭ ئامانلىقىڭىزنى تىلەپ دۇئا-تىلاۋەت قىلىمەن. بۈگۈن سىزنىڭ كەلگۈسى ھاياتىڭىزنى كۆزدە تۇتقان ھالدا بىر رەم سېلىپ بېقىش نىيىتىدە ھۇزۇرىڭىزغا كەلدىم...

— قېنى، كارامىتىڭنى كۆرسىتىپ باققىن! — دەپتۇ پادىشاھ. رائىلە رەم سېلىپ بولغاندىن كېيىن پادىشاھقا مۇنداق دەپتۇ:

— ئى ئۇلۇغ پادىشاھىئالەم، سىزگە يالغان ئېيتاي دېسەم دىلىم، راست ئېيتاي دېسەم تىلىم كۆيۈۋاتىدۇ.

— ھە، ئەھۋال قانداق بولسا راست گېپىڭنى ئېيت!

— بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىڭىز...

— كەچتىم، ئېيت!

رائىلە تىترەك ئاۋازدا، دۇدۇقلاپ تۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ:

ــ مۇشۇ بىر ـ ئىككى كۈن ئىچىدە مەلىكىڭىز ھايا-
تىڭىزغا قەست قىلىدىكەن...
بۇنى ئاڭلاپ پادىشاھنىڭ چىرايى بىردىنلا ئۆزگۈرۈپتۇ ۋە:
ــ قانداق قەست قىلىدىكەن؟ تېز ئېيت ! ــ دەپتۇ.
رائىلە تېخىمۇ ھىيلىگەرلىشىپ، قورققان بولۇپ:
ــ مەلىكىڭىز سىز ئۇخلىغان پەيتتىن پايدىلىنىپ
بوغۇزلىۋېتىدىغاندەك قىلىدۇ، ــ دەپتۇ.
ــ راست ئېيتىۋاتامسەن؟ !
ــ رەمگە شۇنداق چۈشتى، پادىشاھئالەم.
ــ يالغان چىقىپ قالسىچۇ؟ !
ــ كاللام بىلەن جاۋاب قىلىمەن.
پادىشاھ دەرغەزەپكە كېلىپ:
ــ جاللات ! ــ دەپ توۋلاپتۇ. قىلىچلىرىنى يالىڭاچ-
لىغان ئىككى جاللات تەييار بوپتۇ. پادىشاھ ئۇلارغا:
ــ بۇ قىزنى دەرھال زىندانغا تاشلاڭلار ! ــ دەپ-
تۇ. جاللاتلار ئۇنىڭ پۇت ـ قولىنى يەرگە تەگكۈزمەي
ئاپىرىپ زىندانغا سولىۋېتىپتۇ.
پادىشاھ تۈگىمەس خىياللارغا پېتىپ قىلىپ، ئاخىردا
مەلىكىنى سىناپ بېقىش قارارىغا كەپتۇ. پادىشاھ شۇ كۈنى
ئورددىن ھەرەمگە بالدۇر قايتىپ، مەلىكە بىلەن بىرگە
بوپتۇ. كەچلىكى بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ تاماق يەپتۇ،
شاراب ئىچىپ كۆڭلىنى ئېچىپتۇ، كېيىن كۆرپىدە سوزۇ-
لۇپ يېتىپتۇ ۋە ئۇخلىغان بولۇپ يېتىۋېلىپ، مەلىكىنىڭ

ئىش ـ ھەرىكىتىنى كۆزىتىشكە باشلاپتۇ. مەلىكە پادىشاھ ـ
نى ئۇيقۇغا كەتتى دەپ ئويلاپ، پادىشاھنىڭ قېشىغا كەپتۇ
ۋە ئۇنىڭ ساقىلىنى تۇتۇپ ئەمدى كېسەي دەپ تۇرۇشىغا،
پادىشاھ كاپ قىلىپ مەلىكىنىڭ قولىنى تۇتۇۋاپتۇ. مەلىكە
قورققىنىدىن بىر چىرقىراپلا ھوشىدىن كېتىپتۇ.

— جاللات! — دەپ ۋارقىراپتۇ پادىشاھ. پادىشاھنىڭ
ئالدىغا ئىككى جاللات يۈگۈرۈپ كەپتۇ. پادىشاھ ئۇلارغا:

— ماۋۇ بەتنىيەت قاتىل خوتۇننى ئاپىرىپ زىندان ـ
غا تاشلاڭلار، زىندانغا تاشلانغان رائىلەنى ئېلىپ كې ـ
لىڭلار! — دەپ بۇيرۇپتۇ.



جاللاتلار مەلىكىنى سۆرە ـ
گەن پېتى ئاپىرىپ زىندانغا
تاشلاپتۇ ۋە ھايال ئۆتمەستىن
رائىلەنى ئېلىپ كىرىپتۇ. پا ـ
دىشاھ ئۇنى كۆرۈش بىلەن
ئورنىدىن تۇرۇپ ھۆرمەت
بىلدۈرۈپتۇ.

— ئى قۇتقا، — دەپتۇ
پادىشاھ، — ئۇقۇشماسلىقتىن
مەن سېنى
زىندانغا سالدۇ ـ
رۇپ، مۇشەققەت
چەكتۈرۈپتى ـ

مەن، سەن بۇنى ھەرگىز كۆڭلۈڭگە ئالما. سەن مېنى بۇۋاپا مەلىكىنىڭ سۇيىقەستىدىن ۋاقتىدا خەۋەردار قىلمىغان بولساڭ، ئاللىقاچان ھالاك بولغان بولار ئىدىم. مەن ياخشىلىققا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرىمەن. ئەمدى سەن قالغان ئۆمرۈڭدە كوچىلاردا قېقىنىدى ـ سوقۇندى بولۇپ يۈرمەي، مېنىڭ دۆلىتىمدە خالىغانچە ئەركىن ياشا!

پادىشاھ خىزمەتچى خادىملارغا رائىلەنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ، خىزمىتىگە ئادەم قويۇشنى تاپشۇرۇپتۇ. ئەتىسى پادىشاھ ئوردا ئالدىدىكى كەڭ مەيدانغا ئېگىز دار ياساتقۇزۇپ، جاكارچىلار ئارقىلىق پۈتۈن خەلقنى يىغدۇرۇپتۇ.

جاللاتلار مەلىكە گۈلنىسانى يالاپ ئەكەپتۇ. ئۇنى كۆرگەن شەھەر خەلقى ھەيران قېلىشىپتۇ. كىشىلەر ئارىسىدا غۇلغۇلا كۆتۈرۈلۈپ، تەرتىپمۇ بۇزۇلۇشقا باشلاپتۇ. شۇ چاغدا پادىشاھ پەشتاققا چىقىپ مۇنداق جاكارلاپتۇ:

ـــ خالايىق! مۇنۇ قارا نىيەت خوتۇن مېنى قەتل قىلماقچى بولغاندا قولۇمغا چۈشتى. بۈگۈن بۇ قارا نىيەت، قاتىل خوتۇننى دارغا ئېسىشنى جاكارلايمەن. كىمكى ماڭا قەست قىلماقچى بولىدىكەن، مانا مۇشۇنداق ئاقىۋەتكە قالىدۇ. بۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىڭلار، توۋا قىلىڭلار!

كىشىلەر ئورۇنلىرىدا تۇرالماي دولقۇندەك مەۋج ئۇرۇپ چايقىلىپتۇ. پادىشاھ جاللاتلارغا:

ـــ ئېسىڭلار! ـــ دەپ بۇيرۇق قىپتۇ.

جاللاتلار مەلىكىنى دار ئاستىدىكى شىرەنىڭ ئۈستىگە چىقىرىپ، بوينىغا سىرتماق سېلىپ شىرەنى تېپىپ ئۆرۈ-ۋېتىپتۇ. مەلىكە داردا بىردەم تېپىرلاپ جان بېرىپتۇ. رائىلە بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئۆز مۇۋەپپەقىيىتىدىن خۇشال بوپتۇ. كۆڭلىگە ئۇنىڭدىنمۇ زور شۇملۇقلارنى پۈكۈپ، زورىكىت شەھىرى تامان سەپەر قىپتۇ.

ئارىدىن بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، رائىلە خۇ-جا ئەكبەر پادىشاھنىڭ ئوردىسىنىڭ ئالدىدا قارىلىق كى-يىم بىلەن پەيدا بوپتۇ. ئۇ ئوردا دەرۋازىسىنى ساقلاۋاتقان قاراۋۇللارنىڭ ئالدىغا كېلىپ بېيىت ئوقۇپ يىغلاپتۇ:

هەي قاراۋۇل ياش باللار،
يوللىرىمنى توسماڭلار.
بىر خەۋەر ئېلىپ كەلدىم،
پادىشاھ ئالدىغا باشلاڭلار.
ۋاي دەردىم، قانداق قىلاي؟...

قاراۋۇللار ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ:

— ئى قۇتقا، يىغاڭنى توختات! بېشىڭغا نېمە دەرد كەلدى، بىزگە تېز ئېيت! — دەپتۇ. رائىلە يىغلاپ تۇرۇپ:

— بېشىمغا كەلگەن دەردنى پادىشاھقىلا ئېيتىشىم كېرەك. مېنى تېز پادىشاھنىڭ ئالدىغا باشلاڭلار، —

دەپتۇ.

رائىلەنىڭ تەلىپى خوجا ئەكبەر پادىشاھقا يەتكۈزۈلۈپ-تۇ. پادىشاھ خەۋەرچىلەرگە:

— ئۇنى ئېلىپ كىرىڭلار! — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ. خەۋەرچىلەر رائىلەنى ئوردىغا ئېلىپ كىرىپتۇ. رائىلە پا-دىشاھنى كۆرۈش بىلەنلا يەنە بېيىت ئوقۇپ يىغلاشقا باشلاپتۇ:

پادىشاھ خوجا ئەكبەر،
ئەي دانا، چېۋەر رەھبەر.
كۆكتە ئۆچتى بىر يۇلتۇز،
ئۇندىن كەلدىمۇ خەۋەر؟
ۋاي دەردىم، قانداق قىلاي؟...
ھەمراھىمدىن ئايرىلىپ،
سۇندى قاناتىم قايرىلىپ.
مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن،
ئالدىڭىزدا زارلىنىپ.
ۋاي دەردىم، قانداق قىلاي؟...

پادىشاھ خوجا ئەكبەر رائىلەنىڭ بۇ ھالىدىن بىر يا-مانلىق بولغانلىقىنى سېزىپ، تەنلىرى شۈركۈنۈپ، يۈرەك-لىرى جىغىلداپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ رائىلەنى يىغىدىن توختىتىپ سوراپتۇ:

— ھە، نېمە دەردىڭ بار؟
ئۆزلىرىگە بىر خەۋەر ئەكەلدىم، پادىشاھىئالەم.
— قېنى ئېيت!
— بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە، ئاندىن ئېيتىمەن.
— ھە، كەچتىم، ئېيت!
— كۈيئوغۇللىرى تاھىر خىزىم ئۆزلىرىگە ئاسىيلىق قىلىپ، قىزلىرىنى دارغا ئېسىپ قەتل قىلدى، — دەپ گەپنى تامام قىپتۇ. پادىشاھ بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھوشىنى يوقىتىپ، ئورنىدا لاسسىدە ئولتۇرۇپ قاپتۇ. ئۇ بىرھازا ئۆتكەندىن كېيىن ھوشىنى تېپىپ:
— بۇ گېپىڭ راستمۇ؟ — دەپتۇ.
— راست بولمىسا، خەلقىئالەم ئالدىدا شەرمىسار بولۇپ كېتەي.
— ئۇنداق بولسا بۇ خەۋەرنى ماڭا يەتكۈزۈشكە نېمە سەۋەب بولدى؟
— ئى ئۇلۇغ پادىشاھىئالەم، مەن مەلىكىلىرىنىڭ قېشىدا خىزمەت قىلىپ، ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى كۆپ كۆرگەنىدىم. ئۇنىڭ ئۆلۈمى ماڭا كۈن چىقىلغاندەك، يۇلتۇزلار ئۈزۈلۈپ چۈشكەندەك ئېغىر تۇيۇلدى. مەلىكىگە بولغان ساداقىتىمنى ئاقلاش ئۈچۈن سىلىنى بۇ ئىشتىن خەۋەردار قىلىش نىيىتىگە كەلدىم. قېرى بولساممۇ چۈمۈلىدەك ئۆمىلەپ، شۇنچە ئۇزۇن مەنزىلنى بېسىپ ئاخىر مەقسىتىمگە يەتتىم، ئەمدى ئۆلۈپ كەتسەممۇ ئارمىنىم يوق.

پادىشاھ رائىلەنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا ھۆرمىتى ئېشىپتۇ. ئۇ خىزمەتچىلەرنى چاقىرتىپ قۇتقىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھالىدىن خەۋەر ئېلىشنى بۇيرۇپتۇ. — پادىشاھ قىزىنىڭ بىھۇدە ئۆلۈپ كەتكىنىگە قاتتىق ئېچىنىپتۇ، قىزى ئۈچۈن تاھىر خىزىمدىن ئۈچ ئېلىش نىيىتىگە كەپتۇ. ئۇ دەرھال ھەممە ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرىنى، ئاقىلۇ دانىشمەنلىرىنى، بارلىق لەشكەر باشلىقلىرىنى مەجلىسكە چاقىرىپتۇ. مەجلىستە تاھىر خىزىم ئۇستىگە جازا يۈرۈشى قىلىش قارارىغا كەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن پۈتۈن لەشكەرلەر جىددىي جەڭ ھازىرلىقىغا كىرىشىپتۇ. رائىلە ئۆزىگە قاراۋاتقان خىزمەتچىلەرگە تۇيدۇرماي ئوردىدىن چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرۈپ شەھرى كىتىككە يېتىپ كەپتۇ ۋە ئۇتتۇرلا تاھىر خىزىم پادىشاھنىڭ يېنىغا كىرىپ كەپتۇ. پادىشاھ ئۇنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بوپتۇ ۋە:

— قۇتقا، ئۇزاقتىن بېرى كۆرۈنمىدىڭ، نەلەردە يۈرۈۋاتىسەن؟ — دەپ ئەھۋال سوراپتۇ.

رائىلە پادىشاھقا تەشەككۈر بىلدۈرۈپ تەزىم قىپتۇ ۋە مۇنداق دەپتۇ:

— ئى ئۇلۇغ پادىشاھىئالەم، ماڭا قىلغان مېھىر ـ شەپقىتىڭىزگە مىڭ رەھمەت. غېرىب قۇتقىڭىز دەرگاھىڭىزدا تۇرۇپ شانۇشەۋكىتىڭىزگە داغ چۈشۈرۈشنى مۇناسىپ كۆرمەي كوچىغا چىقىپ كەتكەنىدىم. كۈن پاتقان

يەردە تۇنەپ، تاڭ سەھەردە تۇرۇپ، ھەربىر نامىزىمدا سىز-
گە دۇئا قىلدىم. بۈگۈن مۇبارەك دىدارىڭىزنى ئەسكە ئې-
لىپ، ئامان - ئېسەنلىكىڭىزنىڭ قانداقلىقىنى بىلىش
مەقسىتىدە رەم سېلىپ باققانىدىم، رەمدە بىر شۇم خەۋەر
ئايان بولدى، سىزنى خەۋەردار قىلغىلى كەلدىم.

تاھىر خىزىم سەل جىددىيلىشىپ:

— تېز ئېيت، ئۇ قانداق شۇم خەۋەر؟! — دەپ
سوراپتۇ. رائىلە مۇنداق دەپتۇ:

— رەمدە قېيناتىڭىز خوجا ئەكبەر پادىشاھنىڭ سىز-
گە قارشى لەشكەر تارتىپ كېلىۋاتقانلىقى مەلۇم بولدى.
سىزغۇ دۇنيادا تەڭداشسىز غالىب پادىشاھ، شۇنداق بولسى-
مۇ دۈشمەنگە سەل قارىغىلى بولمايدۇ.

تاھىر خىزىم پادىشاھنىڭ رائىلەگە بولغان ھۆرمىتى
ئېشىپ، ئۇنى ئۆزىگە باش مەسلىھەتچىلىككە تەيىنلەپتۇ.
رائىلە ھۆرمەتلىك ئادەمگە ئايلىنىپتۇ.

قېيناتىسىنىڭ لەشكەر تارتىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن
ساراسىمىگە چۈشكەن تاھىر خىزىم پادىشاھ شۇ كۈنى ۋە-
زىرلىرى بىلەن لەشكەر باشلىقلىرىنى چاقىرىپ يىغىن
ئېچىپتۇ. يىغىندا خوجا ئەكبەر پادىشاھنىڭ جازا يۈرۈشىد-
گە تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرى مۇزاكىرە قىلىنىپتۇ. يى-
غىندىن كېيىن تەييارلىق ئىشلىرى ئىشلىنىشكە باشلاپتۇ.
شۇ ئارىلىقتا خوجا ئەكبەر پادىشاھنىڭ لەشكەرلىرى
شەھەر ئەتراپىغا باستۇرۇپ كەپتۇ. پادىشاھ شەھەر دەرۋازى-

سىنى مەھكەم بېكىتىشنى بۇيرۇپتۇ. ئۆزى باش بولۇپ لەشكەرلەرنى ئۇرۇشقا سەپەرۋەر قىپتۇ. رائىلە ئۇنىڭغا ئەقىل ئۆگىتىپ، بىللە يۇرۇپتۇ. مانا شۇنىڭدىن باشلاپ ئىككى تەرەپ ئوتتۇرسىدا كېچە - كۈندۈز جىددىي جەڭ بوپتۇ. ھېچقايسىسى بىر - بىرىنى يېڭەلمەپتۇ. خوجا ئەكبەر پادىشاھ شەھەرنى مۇھاسىرە قىلىپ يېتىپتۇ. كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈپتۇ. سىرت بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلگەن شەھىرى كىتىك خەلقى ھەر جەھەتتىن قىيىنچىلىققا ئۇچراپتۇ، لەشكەرلەرنىڭ روھى چۈشۈپ جەڭگىۋارلىقى ئاجىزلىشىپتۇ. مۇشۇ پەيتتە خوجا ئەكبەر پادىشاھ ھۇجۇمنى تېخىمۇ كۈچەيتىپتۇ. تاھىر خىزىم پادىشاھنىڭ لەشكەرلىرى ئو-





ئۆشسىزلىققا ئۇچراپ، زىيان بارغانسېرى كۆپىيىپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ تاھىر خىزىم پادىشاھ قاتتىق سارىسىمىغە چۈشۈپتۇ. ئۇ رائىلەنى پىنھان جايغا چاقىرىپ مۇنداق دەپتۇ:

— قۇتقا، سەن مېنىڭ بېشىمغا كەلگەن بالايىئاپەتلەرنى كۆرۈۋاتىسەن، شەھەر خەۋپ ئىچىدە قالدى. مەن قانداق قىلسام بولىدۇ؟ بىر مەسلىھەت كۆرسەت!

رائىلە خالتىسىدىن ئالا ـ بۇلىماچ تاشلارنى ئېلىپ رەم سېلىشقا باشلاپتۇ. بىردەم ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ مۇنداق دەپتۇ:

— دۈشمەنلەرنىڭ شەھەرگە باستۇرۇپ كىرىشىگە ئاز قالدى. سىزنىڭ غەلىبە قازىنىشىڭىزدىن ئۈمىد يوق...

تاھىر خىزىم بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھوش ـ كاللىسىنى يوقىتىپ، داڭقېتىپ تۇرۇپ قاپتۇ. بۇ ھالنى كۆرگەن رائىلە پادىشاھقا:

— پادىشاھ بولغان كىشى خەۋپ ـ خەتەر ئالدىدا گاڭگىراپ قالماسلىقى، بەلكى ئۇنى يېڭىدىغان ئىشەنچىسى بولۇشى لازىم، — دەپ نەسىھەت قىپتۇ. تاھىر خىزىم:

— قۇتقا، قانداق قىلىمەن؟ ماڭا تېزدىن بىر يول كۆرسەت! — دەپ يالۋۇرۇپتۇ.

— پادىشاھئالەم، مالال كەلمىسە، ئاخىرقى قېتىم بېرىدىغان بىر مەسلىھەتىم بار، شۇنى سىزگە ئېيتىپ باقاي.

ــ بولىدۇ، ئېيت !

ــ سىز پادىشاھلىقنى ماڭا ۋاقىتلىق ئۆتكۈزۈپ بې-رىڭ، ئاۋۋال خۇداغا، ئاندىن قالسا پۇقراغا، لەشكەرگە تا-يىنىپ جەڭ قىلىپ باقاي، تەلىيىم ئوڭدىن كېلىپ جەڭدە غەلىبە قىلىپ قالسام، جەڭدىن كېيىن پادىشاھلىقنى قاي-تۇرۇپ بېرىمەن. ئۇ ۋاقىتتا شەھىرى كىتتىكلا ئەمەس، زوركىت شەھىرىگىمۇ پادىشاھ بولىسىز.

ئاپەتتىن تېزرەك قۇتۇلۇشنى ئويلىغان تاھىر خىزىم ماقۇل بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھلىقنى رائىلەگە ئۆتۈنۈپ بېرىپ، ئالتۇن تاجىنى بېشىدىن ئېلىپ ئۆز قولى بىلەن رائىلەنىڭ بېشىغا كىيدۈرۈپ قويۇپتۇ. رائىلەنىڭ پادىشاھ بولغانلىقى پۈتۈن شەھەرگە جاكارلىنىپتۇ. رائىلە پادىشاھ بولغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن پۈتكۈل شەھەر خەلقىنى بىر يەرگە يىغىپتۇ، ئاندىن ئوتتۇرىغا چىقىپ خالايىققا مۇنداق دەپتۇ:

ــ پۇقرالىرىم، ئەر ـ ئايال، قېرى ـ ياش قې-رىنداشلىرىم، مەن سىلەرگە ئوچۇق ـ ئاشكارا جاكارلاي-مەنكى، ھازىر ھەممىمىزنىڭ ئەڭ مۇقەددەس ئانىسى، كىنى-دىك قېنى تۆكۈلگەن جانجان يۇرتىمىز دۈشمەنلەرنىڭ قا-مالى ئاستىدا تۇرماقتا. بىزگە كېلىدىغان خەۋپ ـ خەتەر قاش ـ كىرپىك ئارىلىقىدا قالدى. ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز: «ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگىرويىڭ سامان بولماس» دەپ، ناھايىتى توغرا ئېيتقان. بىزنىڭ ئالدىمىزدا ئىككى

يول تۇرۇپتۇ: بىرى، دۈشمەنلەرگە ئەل بولۇپ، قۇللۇقتا سارغىيىپ ياشاش؛ يەنە بىرى، دۈشمەنلەرگە قارشى جەڭ قىلىپ، ئۆزىمىزنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ساقلاپ، ئەركىن، ئازادە ياشاش. بىز قايسى يولدا ماڭىمىز، قېنى ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ؟

رائىلەنىڭ سۆزلىرى خالايىققا تەسىر قىپتۇ. ئۇلار بىردەكلا:

ــ بىز كېيىنكى يولدا ماڭىمىز، ــ دەپ جاۋاب قايتۇرۇشۇپتۇ. خەلقنىڭ ساداسىنى ئاڭلىغان رائىلە تۆمۈرنى قىزنىقىدا سوقۇش ئۈچۈن سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇرۇپتۇ:

ــ ئەلۋەتتە كېيىنكى يولدا مېڭىشىمىز لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن سىلەرگە مۇراجىئەت قىلىمەنكى، ھەممىمىز بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ دۈشمەنلەرگە قارشى قەھرىمانلارچە جەڭ قىلىشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، بىز چوقۇم مەقسىتىمىزگە يېتەلەيمىز.

خالايىق بۇنىڭغا قىزغىن ئاۋاز قوشۇپتۇ. رائىلە ۋەزىرلەرنى، دانىشمەنلەرنى، لەشكەر باشلىقلىرىنى ئارقىسىغا سېلىپ، شەھەر مۇداپىئەسىنى كۆزدىن كەچۈرۈپتۇ. خىزمەتتە بوشاڭلىق قىلغان باشلىقلارنىڭ ئەمىلىنى ئېلىپ تاشلاپ، ئورنىغا يېڭىدىن باشلىق تەيىنلەپتۇ. ئۆلگەن لەشكەرلەرنىڭ ئورنىغا يۇقىرىدىن يېڭى لەشكەر ئېلىپ تولدۇرۇپتۇ. قىسقىسى، ھەر تەرەپلىمە تەييارلىقلار ياخشى ئىشلىنىپتۇ. شۇنىڭ نەتىجىسىدە، خوجا ئەكبەر پادىشاھنىڭ

بىرقانچە قېتىملىق شىددەتلىك ھۇجۇمى چېكىندۈرۈلۈپتۇ. خوجا ئەكبەر پادىشاھ شەھرى كىتىكلىكلەرنىڭ بۇنداق كۈچىيىپ كەتكەنلىكىدىن ھەيران قاپتۇ. ئۇ ھۇجۇم قىلىشنى توختىتىپ، شەھەرگە بولغان قامالنى تېخىمۇ كۈچەيتىشكە باشلاپتۇ، شەھەرگە سىرتتىن بىر تال قۇشنىمۇ كىرگۈزمەپتۇ. مۇشۇنداق ھالەتتە كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈپتۇ. شەھرى كىتىك خەلقىنىڭ يەيدىغان ئوزۇقى، قالايدىغان ئوتۇنى، ئىچىدىغان سۈيى قالماي، زور قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەپتۇ. بۇ قىيىنچىلىقلار ئۇلارنى ئۇرۇش قىلىش جاسارىتىدىن مەھرۇم قىپتۇ. مۇشۇ پەيتتە خوجا ئەكبەر پادىشاھ ئەسكەرلەرنى قايتا تولۇقلاپ، شىددەتلىك ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، شەھرى كىتىكنى ئىشغال قىپتۇ. خوجا ئەكبەر پادىشاھ رائىلەنى ئەسىرگە ئاپتۇ. ئۆزىگە خەۋەر ئەكەلگەن بۇ دەللىنىڭ ئەمدىلىكتە پادىشاھ بولۇۋالغانلىقىدىن ھەيران قاپتۇ. تاھىر خىزىمنىمۇ ئىزدەپ تېپىپ ئەسىرگە ئاپتۇ. ئاچ-زارلىقتا قالغان شەھرى كىتىك خەلقىگە كىيەكلىك نەرسىلەرنى تارقىتىپ بېرىپ، دەردىگە دەرمان بوپتۇ. يۇرت ئىچىدە تىنچ-ئامانلىق ئورنىتىلىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشى ئەسلىگە كېلىشكە باشلاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن خوجا ئەكبەر پادىشاھ جاكارچىلار ئارقىلىق پۈتۈن خەلقنى بىر يەرگە توپلاپتۇ. تاھىر خىزىم بىلەن رائىلەمۇ بىر يەرگە كەلتۈرۈلۈپتۇ. ئاندىن كېيىن خالايىق ئالدىدا سوراقنى باشلاپتۇ:

— ئەي ئاسىي قاتىل! مەلىكە گۈلنىسانى نېمىشقا دارغا ئاسقۇزدۇڭ؟! — خوجا ئەكبەر پادىشاھ تاھىر خىزىمدىن سوراپتۇ. تاھىر خىزىم تىترەپ تۇرۇپ، بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئاندىن كېيىن رائىلە سوراق قىلىنىپتۇ. رائىلە ئۆزىنىڭ قىلمىشىنى مۇنداق بايان قىپتۇ:

— مەن ھازىر بىر قېرى كالا، قېرى كالا پىچاقتىن قورقمايدۇ. مېنىڭ كۆرىدىغان كۈنۈم مەشەگچە. مەن پۈتۈن سىرنى ئاشكارىلاي: مەن كىچىكىمدىن تارتىپ پىتنە ـ پاسات تارقىتىپ، كىشىلەرنى بالايىئاپەتكە دۇچار قىلىشنى كەسىپ قىلىپ كەلدىم. كۈندە بىرىنى ئالداپ بالايىئاپەتكە دۇچار قىلمىسام، كۆڭلۈم ئارام تاپمايدۇ. بىر كۈنى مەلىكە گۈلنىسا مېنى رەم سېلىپ بېرىشكە چاقىردى ...

رائىلە ئۆزىنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى كۆپچىلىك ئالدىدا ئىقرار قىپتۇ.

خوجا ئەكبەر پادىشاھ، تاھىر خىزىم پادىشاھ ۋە پۈتۈن شەھەر خەلقى يۇقىرىدا بولغان كۆڭۈلسىز ئىشلارنىڭ ھەممىسى رائىلەنىڭ سەۋەبى بىلەن بولغانلىقىنى بىلىپ، ئۇنىڭغا نەپرەت ياغدۇرۇپتۇ. خوجا ئەكبەر پادىشاھ ئەل ئىچىدىكى مۇشۇنداق يامان شۇمبۇيىلارغا ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن رائىلەنى نەق مەيداندا دارغا ئېسىشنى بۇيرۇپتۇ. رائىلە دارغا ئېسىلىپتۇ. بۇنىڭدىن پۈتۈن شەھەرى كىتىك خەلقى شاد ـ خۇراملىققا چۆمۈلۈپتۇ. خوجا ئەكبەر پادىشاھ ئەل

ئالدىدا تاھىر خىزىمغا قاراپ:

ــ مەن سېنى ئەقىل ـ ھوشى جايىدا دەپ كۆيئوغۇل قىلغانىدىم. خەير، ئاتا ـ بالا بولغانلىقىمىز ئۈچۈنلا گۇنا ـ ھىڭدىن كەچتىم. سەن قىلغاننى مەن قىلماي. بۇنىڭدىن كېيىن ئەقىل ـ ھوشۇڭ بىلەن ئىش قىلارسەن. مەن سې ـ نى بۇ شەھەرگە قايتا پادىشاھ قىلىپ تەيىنلەيمەن. ئادىل ـ لىق بىلەن ئىش قىلىشىڭنى، يۇرتنى گۈللەندۈرۈپ، گۇنا ـ ھىڭنى يۇيۇشۇڭنى ئۈمىد قىلىمەن، ــ دەپتۇ.

تاھىر خىزىم ئۆزىنىڭ گۇناھىنى تونۇپ، قېيىناتىسى ـ نىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ ھۆڭرەپ يىغلاپتۇ. خوجا ئەكبەر پا ـ دىشاھ ئۇنى ئورنىدىن يۆلەپ تۇرغۇزۇپ:

ــ خەلقىڭنى رازى قىلساڭلا مەن سەندىن رازى ! ــ دەپتۇ.

ــ بولىدۇ، دادا، مەن بۇنىڭدىن كېيىن سىزنىڭ دې ـ گىنىڭىزدەك قىلىمەن، ــ دەپتۇ تاھىر خىزىم پادىشاھ. بۇ ئىش شۇنىڭ بىلەن تاماملىنىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن خوجا ئەكبەر پادىشاھ زوركەنت شەھىرىگە قاراپ يۈرۈپ كېتىپتۇ.

تاھىر خىزىم پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرۇپ، شەھرى كەنتىكنى قايتا گۈللەندۈرۈشكە بەل باغلاپتۇ.

# ئۈچ شەرت

مەلۇم بىر شەھەردە ناھايىتى دانا، زېرەك، ئەقىللىق بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. بىر كۈنى بىر ۋەزىر پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— ئى ئۇلۇغ پادىشاھىئالەم، بىر پىيالە چاي تەييارلىۋدىم، ئۆيۈمگە قەدەم تەشرىپ قىلىپ، بىردەم ئولتۇرۇپ بەرگەن بولسىلا، — دەپ تەكلىپ قىپتۇ. بۇ ۋەزىر بىرئاز كالتە پەم، ئەقىلسىز ئىكەن، شۇڭا پادىشاھ ئۆزرە ئېيتىپ تەكلىپنى رەت قىپتۇ، ئەمما ۋەزىر گېپىدە چىڭ تۇرۇۋېلىپ:

— بۈگۈن كۆڭلۈم سىلىنى تارتىپ قالدى، بېرىپ بىردەم - يېرىمدەم ئولتۇرۇپ بەرسىلە، — دەپتۇ. پادىشاھ ئاخىر يۈز كېلەلمەي:

— ئۇنداق بولسا، ساڭا ئۈچ شەرت قويىمەن، شۇ ئۈچ شەرتىمدىن بىرەرىنى ئورۇندالماي قالمىسۇن، — دەپتۇ.

— باش ئۈستىگە، پادىشاھىم، سىلىنىڭ شەرتلىرىنى يۈزدەيۈز ئورۇندايمەن، قېنى ئېيتسىلا، — دەپتۇ ۋەزىر.

— بىرىنچى شەرتىم شۇكى، مەن ئۆيۈڭگە بارغاندىن كېيىن ئۆزۈڭگە دوست، مېهمانغا دۈشمەن نەرسىنى قىي-شىمغا ئاچىقمايسەن؛ ئىككىنچى، ئالدىمغا تائام قويىسەن، زەهەر قويمايسەن؛ ئۈچىنچى، دۇئادىن كېيىن مېنى يولغا سالىسەن، زىندانغا سالمايسەن، — دەپتۇ پادىشاھ.

ۋەزىر پادىشاھنىڭ «زەهەر قويمايسەن»، «زىندانغا سال-مايسەن» دېگەن گەپلىرىنى ئاڭلاپ، قورقۇپ كەتكىنىدىن پۈت - قولىدا جانمۇ قالماپتۇ. لېكىن، ئۆزىدە ئۇنداق غە-رەز بولمىغاچقا، پادىشاھنىڭ گېپىنىڭ مەنىسىگە چۈشەن-مەي، پادىشاھنىڭ رازى بولغانلىقىغا خۇشال بولۇپ كېتىپ ئۆزىنىڭ قورقۇنچىسىنى بېسىپ تۇرۇپ دەپتۇ:

— پېقىرنىڭ ئۇنداق قىلىشقا بېشى ئونمۇ، پادىشا-ھىم؟ ھەممىسى سىلى دېگەندەك بولىدۇ.

پادىشاھ ۋەزىر بىلەن بىرگە ئۇنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ، ئۆيگە كىرىپ تىنچلىق - ئامانلىق سورىشىپ ئولتۇرۇش-قاندىن كېيىن، ۋەزىر يەنە بىر ئۆيگە چىقىپ كېتىپ ھايال قىلماي بىر بالىنى كۆتۈرۈپ كىرىپتۇ. بۇ ئەمدىلا ئۆملى-گەن بالا ئىكەن. بالىنى ئەكىلىپ پادىشاھنىڭ يېنىدا ئول-تۇرغۇزۇپ قويۇپتۇ. پادىشاھ بەك خاپا بوپتۇ ۋە ئىچىدە، مەن دېگەن بىرىنچى شەرتنى ھازىرلا بۇزدىغۇ بۇ، دەپ ئولتۇرسا، بالا ئۆملەپ كېلىپ توپا - چاڭ، لاي قوللىرى بىلەن پادىشاھقا ئېسىلىپتۇ. پادىشاھ بالىنى ئاستا ئىتتى-رىپ، ئۆزىدىن يىراقلاشتۇرۇپ قويۇپتۇ. بالا بىردەمدىن

كېيىن يەنە ئۆمىلەپ كېلىپ پادىشاھقا ئېسىلىپتۇ. پادى-
شاھ بەك بىزار بوپتۇ. بۇ ئىش بىرقانچە قېتىم تەكرارلى-
نىپتۇ. ۋەزىر بۇ ئىشلارنى قىلچە سەزمەپتۇ، بالىسىغا ھاي
دېمەپتۇ. پادىشاھ چىشىنى چىشلەپ، ئۈن - تىن چىقارماي
ئولتۇرۇپتۇ. ۋەزىر قولىغا سۇ ئېلىپ، داستىخان ساپتۇ، تا-
ئام كەلتۇرۇپتۇ. پادىشاھ خوش - خوشنى قايرىپ قويۇپ،
زوقى بىلەن قورسىقى تويغۇچە يەپتۇ. ئاندىن داستىخاندىن
يىراقلىشىپ ئولتۇرسا، ۋەزىر:

— ئالسىلا، پادىشاھىئالەم، ئالسىلا، كىچىككىنە يېسى-
لە، مېنىڭ كۆڭلۈم ئۈچۈن بولسىمۇ، ئالسىلا، — دەپ
قىستاۋېرىپتۇ. پادىشاھ ۋەزىرنىڭ دۆتلۈكىدىن خاپا
بولسىمۇ، لېكىن بىرنەرسە دېمەي، داستىخانغا قايتا قولىمۇ
ئۇزاتماي ئولتۇرىۋېرىپتۇ. دۇئادىن كېيىن داستىخان يىغى-
لىپتۇ. پادىشاھ ئەمدى كېتەي دەپ ئورنىدىن تۇرسا،
ۋەزىر:

— بىردەم ئولتۇرۇپ بەرسىلە، پادىشاھىم، مېنىڭ
كۆڭلۈم ئۈچۈن بولسىمۇ، بىردەم ئولتۇرۇپ بەرسىلە، —
دەپ قاتتىق تۇتۇپتۇ. پادىشاھ ئاخىر ئۆزىنى تۇتالماي:

— ھەي ئەخمەق ! نېمانچە دۆت نېمىسەن؟ ! مەن
ئوردىدىن مېڭىشتا ئۈچ شەرت قويۇۋىدىم، سەن شۇ ئۈچ
شەرتنىڭ بىرەرنى بولسىمۇ، ئورۇندىساڭچۇ ! سەن بۇ
شەرتلىرىمنىڭ ھەممىسىنى بۇزدۇڭ. قانداق ئادەمسەن؟
كاللاڭ بارمۇ سېنىڭ؟ ! — دەپتۇ. ۋەزىر بۇ گەپنى

ئاڭلاپ، پادىشاھنىڭ غەزەپلىك چىرايىنى كۆرۈپ داڭقېتىپ تۇرۇپ قاپتۇ ۋە:

— ۋاي، مەن نېمە سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويدۇم، پادىشاھىم؟ — دەپتۇ.

— مەن، — دەپتۇ پادىشاھ، — «ئۆزۈڭگە دوست، مېھمانغا دۈشمەن نەرسىنى ئېلىپ چىقمىغىن» دېسەم، ئۆيگە كىرىشىمگە بالاڭنى يېنىمغا ئاچىقتىڭ. بالاڭ ماڭا ئېسىلىپ كىيىملىرىمنى توپا - چاڭغا مىلەپ پاسكىنا قىلىۋەتتى. بالا ئۆزۈڭگە دوست بولغان بىلەن مېھمانغا دۈشمەن نەرسە. «تائام قويغىن، زەھەر قويمىغىن» دېسەم، بۇنىمۇ ئىجرا قىلمىدىڭ. توغرا، سەن ئاش - تائام قويدۇڭ، مەن ئالسىلا، باقسىلا دېگۈزمەي، ئۆز زوقۇمچە، قورسىقىم تويغۇچە يېدىم، قورساق تويغاندىن كېيىنكى تائام ئادەمگە زەھەر ئەمەسمۇ؟! «دۇئادىن كېيىن يولغا سالغىن، زىندانغا سالمىغىن» دېسەم، «ماقۇل، ئۇنداقمۇ قىلامدىغان» دېدىڭ. مەن، دۇئادىن



كېيىن «كېتەي» دېسەم، يەنە «ئولتۇرۇپ بەرسلە، قونۇپ قالسىلا» دەيسەن، بۇ سىنىڭ مېھماننى زىندانغا سالغانلىدىقىڭ ئەمەسمۇ؟! قائىدە بويىچە مېنى چىرايلىق يولغا سالساڭ، بولمامدۇ؟ — دەپتۇ. ۋەزىر ئاغزى ئېچىلغىنىچە پادىشاھقا قاراپ تۇرۇپلا قاپتۇ. پادىشاھ ئارقىسىغىمۇ قاردىماي ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ. ئۆزىنىڭ كالۋالىقىغا قاتتىق نەپرەتلەنگەن ۋەزىر جايىدىلا ئولتۇرۇپ قاپتۇ.

Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
  "filename": "NDAyMDk4NzYuemlw",
  "filename_decoded": "40209876.zip",
  "filesize": 31872297,
  "md5": "bb30205a89ab630e76d962cbcdb0516c",
  "header_md5": "6eea53be7ef43f2bf2783ec56cb96443",
  "sha1": "0c5f241add29acd5fa30da59a1ff7a1dafe3ef30",
  "sha256": "440b24fe6e63ba74ac2afe7e43cd2e619c9d009a74bcf625825c8708a1378985",
  "crc32": 3541735762,
  "zip_password": "",
  "uncompressed_size": 32333377,
  "pdg_dir_name": "\u2510\u00ac\u2591\u2554 \u2554\u00b1\u2551\u00b0
\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40209876",
  "pdg_main_pages_found": 73,
  "pdg_main_pages_max": 73,
  "total_pages": 82,
  "total_pixels": 321470586,
  "pdf_generation_missing_pages": false
}